# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

5

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

AltunOq

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

## (5)

توپلىغۇچى: مويدىن سايىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام


**ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى (5)**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 4.375
1983 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·784
تىراژى: 1 –10,300
باھاسى: 0.24 يۈەن

# نەشرىياتتىن

بۇ توپلامغا لوپنۇر رايونىدىن توپلانغان قوشاقلار كىرگۈزۈلدى.

لوپنۇر خەلقى قوشاققا باي. ئۇلارنىڭ قوشاقلىرى مەزمۇنى جەھەتتىن باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى قوشاقلاردىن كوپ پەرقلەنمىسىمۇ، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئەسلى لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ يەتتە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىرىنىڭ بىر كۇبلىتى ئالتە مىسرا، ئون بىر بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىرىنىڭ بىر كۇبلىتى تۆت مىسرا بولىدۇ. باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىكىدەك ئون ئۇچ بوغۇملۇق (بىرىنچى مىسراسى سەككىز، ئىككىنچى مىسراسى بەش بو- غۇملۇق) ياكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىسرالىرى قوشۇلۇپ ئون بەش بوغۇمدىن تۈزۈلگەن قوشاق شەكىللىرى لوپنۇردا كورۇلمەيدۇ. ئەگەر مۇنداق ئەھۋال كىيىنكى ۋاقىتلاردا ئازدۇر-كوپتۇر يۈز بەرگەن دىيىلسە، بۇ لوپنۇر خەلقىنىڭ ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قويۇقلاش- قانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن.

لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئون بىر بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىرىنىڭ بىرىنچى مىس- راسى يەتتە بوغۇم بولۇپ كىلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىدىن باشقا، ئۇلاپ ئېيتىلغان قوشاقلاردا بىرىنچى كۇبلىتىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنىڭ ئىككىنچى كۇبلىتىنىڭ باش مىسراسى مەزمۇنى جەھەتتىن تەكرارلىنىشىمۇ لوپنۇر قوشاقلىرىدىكى بىر ئالا-

ھىدىلىك ھىساپلىنىدۇ.
بۇ قوشاقلار ئەسلىدە لوپنۇر شىۋىسىنىڭ فونتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇمكىن قەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇش يولى بىلەن خاتىرىلەنگەن. بىز بۇ قېتىم توپلامغا بىرىشتە تىل تەتقىقاتىنىمۇ كوزدە تۇتۇپ تووەندىكى بىرقانچە ئۇسۇلنى قوللاندۇق:
(1) ئەدىبىي تىلنىڭ تەلەپپۇز قائىدىلىرى بويىچە ئوزگەرتىلگەندە ۋەزىن ۋە قاپىيىلىرىدە چوڭ ئوزگىرىش بولۇپ كەتمەيدىغان قوشاقلار مەزمۇننى ساقلىغان ھالدا ئەدىبىي تىلنىڭ نورمىسىغا بوي سۇندۇرۇپ بېرىلدى.
(2) ئۇيغۇر ئەدىبىي تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سوزدىن كېيىن سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سوز كەلسە، ئالدىنقى سوزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ جانلىق تەلەپپۇزىدا تاشلىنىش ھادىسىسى لوپنۇر شىۋىسىدىمۇ بار. لېكىن لوپنۇر خەلقى كوپلىگەن قوشاقلاردا بۇ ھادىسىدىن قوشاقنىڭ بوغۇمىنى ئىخچاملاش ئۇسۇلى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. بىز مۇنداق ئەھۋالدا ھەر ئىككىلا سوزنى مورفولوگىك پىرىنسىپ بويىچە بەردۇق. ئەگەر مۇنداق سوزلەر كەلگەن مىسرالارنىڭ بوغۇمى يۇقۇرقى ئولچەملەردىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، مۇشۇ قائىدە بويىچە ئالدىنقى سوزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش تاشلاپ ئوقۇلسا، بوغۇم ئېشىپ كەتمەيدۇ.
(3) لوپنۇر تىلىغىلا خاس بولغان سوزلەر، گىراماتىك شەكىللەر ياكى ئۇيغۇر ئەدىبىي تىلىدا كوپ قوللىنىلمايدىغان سوزلەرگە، يەر ناملىرىغا قىسقىچە ئىزاھات بېرىلدى.
بۇ توپلامغا يولداش مىرسۇلتان ئوسمان، غەنىزات غەيۇرانى توپلىغان قوشاقلاردىنمۇ بىر قىسمى بېرىلدى.

# مۇندەرىجە


تارىخىي ـ ئىجتىمائىي قوشاقلار ............................ 1

هازا ـ ماتەم قوشاقلىرى ............................ 20

مۇھەببەت قوشاقلىرى ............................ 25

# تارىخىي - ئىجتىمائىي قوشاقلار

## 1

ئەجەپمۇ توختىمايدۇ،
بۇ قويلارنىڭ ئاياغى.
باشىمىزغا چۈشەدۇ،
زالىم باينىڭ تاياغى.
بۇ جاھاندا يوق ئىكەن،
زالىملىقنىڭ سوراغى.

قوساغىمغا ئاش بەرمەي،
كوزلەرىمدىن ياش ئاقىپ.
جانىم ئاتام يۈرۈيدۇ،
ئارالدا كولنۇ باقىپ *.

* تۇرلۇك گېوگىرافىك ئوزگىرىش - ھادىسىلەر سەۋەبىدىن تارىم ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىملىرى بىر ئىزدا مۇقىم بولماي يوتكىلىپ تۇرغانلىقى ھەم قۇم، بوران ئاپەتلىرى دىخانچىلىقنىڭ مۇقىملىقىغا چوڭ تەسىر قىلىپ، خەلقلەر تۇرمۇشىدا بىلىق، ياۋايى ھايۋان، يىكەن، ئۇجۇر (يىكەن يىلتىزى)، ئۇجۇل (يىكەن پوپىگى) ئاساسىي ئوزۇقلۇق بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق تەبىي ئوزۇقنى قوغلىشىپ، بىر ئائىلە بىر كولنى ئىگەللىگەن. كېيىنچە كول (سۇ) بەگلىگى يولغا قويۇلۇپ، بۇنداق باشقۇرۇش شەكلى خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان — رەتلىگۈچىدىن.

بايلارغا ئۇرغۇزادۇ،
دۇشمەنلەر بىزنى چاقىپ.

جاڭگالدا قويلار باقىپ،
غارىپلىق ماڭا يەتتى.
مەن بارىپ كىمگە ئەيتەي،
باي زۇلمۇ ئاشىپ كەتتى.
قولىدا پۇللۇ يوقۇ،
جان ئاتام ساتىۋەتتى.

بىزما رەھمەت ئوقۇيمىز،
ھالىمىزغا يەتكەنگە.
بايلار قاتتىق ئۇرادۇ،
قوي قايرالىپ كەتكەنگە.
بۇما مىنى سازايىم،
ئىشلەيمەن دەپ كەلگەنگە.

بۇ قويلار ياتىۋالدى،
جاھانلار پاتقاق ئۇچۇن.
خۇدايىم بەرگەن ئىكەن،
بۇ بايلار پىخسىق ئۇچۇن.
مەنما ساڭا ساتىلغان،
تۇرمۇشۇم قاتتىق ئۇچۇن.

زالىم مەنى ئۇرادۇ،
كالاغا بانە قىلىپ.

بىر كۈن كەچكىچە تۇردۇم،
خۇداغا نالە قىلىپ.
خۇدايىم قوشامۇدۇ،
سىز بىلەن بىللە قىلىپ.

بىر چاڭگال تالقان يەسەم،
بىر كېچە ئېسىپ قويۇپ.
ئەل قاتارى بولماسام①،
بويۇمغا سوغ سۇ قۇيۇپ.
ئاتامغا نىمە دەيتتى،
ئاغدۇڭگە كومۇپ قويۇپ.

گۈلمەمنى ② سالىپ قويدۇم،
دەريادەكى ئاقىشقا.
خۇدايىم بۇيرۇپتىكەن،
باي قويۇنۇ باقىشقا.
جانىم ئاتا قۇل قىلىپ،
ساتىۋەتتىڭ نىمىشقا.

قوساغىمنى ئاچىغا
ماڭسام پۇتۇم ئېشىلىپ،
مېنىڭ كاللام تېشىلدى،
بىر پاخلانى كام چىقىپ.
بايلاردىن ئايرىۋالغىن،
جان ئاتا بېرى كېلىپ.

① بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: ھۆشۇمغا كەلمىسەم.
② گۈلمە ـــ بېلىق تۇتىدىغان تور (بۇ سوز موڭغۇلچە).


AltunOq

زالىملىق ئەجەپ ئۆتتى،
مەن بەلىمنى باغلايمەن.
باينى ئازاپلارىغا
مەن ئەمدى چىداڭمايمەن.
چىراغىم جانىم ئاتا،
گەپىڭنى تىڭشامايمەن.

قۇل، چاكارلار گۇناسىز
كېتەدىكەن ئاتىلىپ.
قولىدا پۇلۇ يوقچۇن
باي - بەگلەرگە ساتىلىپ.
پۇلغا ساتىپ ئالدىم دەپ،
قىلماغان ئازاپ قىلىپ.

بىر ياخشى خاتۇن ئالسام،
ئىشلەگەن پۇلۇم بىلەن؛
قارا كوڭۇل زالىم باي،
ئايىردى زۇلۇم بىلەن.
بۇ جاڭگال - باياۋاندا،
يۇرۇيمەن كىمىم بىلەن.

سىنى كوڭلۇك توق ئىكەن،
ئىككى قىزىك تۇل ئۇچۇن.
سەھەردە كاپىشىپ قوپۇپ،
ئالدىڭدا قوي، پۇل ئۇچۇن.

مەن ساڭا گەپ قىلمادىم،
خۇدا بەرگەن قۇل ئۇچۇن*

ئۇيگە كەلسەم يوق ئىكەن،
قايان كەتتىڭ ھەمرايىم.
خۇدايىمغا يەتمەپتۇ،
مېنى يىغلىغان ئاھىم.
قارا كوڭۇل زالىم باي
كوزدىن يۇتسە ئىلاھىم.

ياز بويۇ پىچان ئوردۇم،
مىڭدىن بىردىنى خىللاپ.
بىر ياخشى گەپلەرى يوق،
ھەممىشە مەنى تىللاپ.
كېچە-كۇندۇز زارلادىم،
مەن خۇدايىمغا يىغلاپ.

كېچە-كۇندۇزلەپ باقسام
شۇ قويلار يەنە ئارۇق.

*ئاتىسى تەرىپىدىن بايغا سېتىۋېتىلگەن بىر بالا قۇل دادىسىنى كورگىلى كېلىپ، ئۇيىگە بېرىپ كېلىشنى سورىغاندا، باي "قۇل-چاكارمۇ ئۇيىگە بارامدۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ قوشاق بايىنىڭ شۇ جاۋاۋىغا قارىتا توقۇلغان. ئالدىنقى ئىككى مىسراسىنىڭ مەنىسى: سېنىڭ (بايىنىڭ) بالا-ۋاقىلىرىڭ ئۇيدە بولغاچقا، ئوزەڭ خاتىرجەم، كوڭلۇڭ توق، مېنى دادام ساڭا سېتىۋەتكەندىن كېيىن، كوڭلى قانچە يېرىمدۇ، سەن بۇنى بىلەمسەن؟!

يىلدىن يىلغا كىيىشىم
پۇتۇمدا شىرى چارۇق.
جاننى قىيناپ ئاغرىيدۇ،
ئۇك سالام① دەكى يارۇق.

تورتىنچى ئاي پەسلى بولدۇ،
يەردىن چىققان گەنجەسى.②
قويۇكنۇ تولا باقىپ،
زۇلۇم تارتقان بەندەسى.
بىر يۇدۇم يىغاچ بەرسەم،
تىللاپ كەتتى يەگگەسى.

ئويدە يالغۇز ئۇخلاماي،
قاراپ ياتتىم ئاسمانغا.
باي ئايلاسى خوش بولدى،
مېنى باغلاپ ئۇرغانغا.
مېنى چاقqان سەن ئايلام،
قارامتۇرلۇق③ئوسمانغا.

چاقىشتۇردۇك ئەرنگگە،
كىرمەستەم مەن گەپنگگە.
تاشنى تاڭغىم كەلمەدى،
گوھەر ئوخشاش تەنىمگە.

---

① سالا ــ پۇتنىڭ بارماقلىرى.
② گەنجە ــ يېڭى كوك ئوت.
③ قارامتۇر ــ قارا كوكۇل،زالىم، قارام.

خۇدا ئوزى گۇۋادۇر،
سىنىڭ بۇزۇق پەيلىڭگە.

قورۇۋالدى قويلارنى،
قوزلارى ياتىۋالىپ.
جانىمغا بالا بولدۇ،
بىر قويى ئولۇپ قالىپ.
قويۇنۇ باقتۇسۇنلا
پۇلۇغا ساتىۋالىپ.

مەنى هايداپ چىقاردى،
ئىزىمغا ئادەم سالىپ.
ئاراڭلاردا مەن قالىپ،
جانىم كەتتى قىينالىپ.
بەش يىل باقتىم قويۇڭنۇ،
ياندىم قۇرۇق قول قالىپ.

هايدىسامما ماڭمايدۇ.
زالىم باينىڭ كالاسى.
كوز ئۇچۇڭنۇ سالىپ قوي،
بىزمۇ ئادەم بالاسى.
قۇلاغىڭغا كىرمەمدۇ،
مەن يېتىمنىڭ يىغاسى.

چاكارلار چولدە قالدى،
ئىككى مىڭ قوينۇ باقىپ.

كېسەل ئاتام يىغلايدۇ،
ئازۇغى يوق ئاچ ياتىپ.
سالدار قوينى مەن باقاي،
توختى بايغالا قاتىپ.

ئوچاقتا نان كومەي دەپ،
چاناپ قويدۇم پىيازنى.
ھەممەلەسى يەكلەيدۇ،
مەن بىر يېتىم نىيازنى.
خۇدا ئوزى ئەدەپلەر،
شاڭيۇ ئوغلى قوتازنى.

باش ئاقسۇپا① ئىچىدە.
ئۇزۇن ئىسلام باي ئىكەن.
بەش ئوغلىنى ئىچىدە.
كەنجەسى ئالغاي ئىكەن.
بىرەرسىگە نان بەرسە،
ياندۇرۇپ كېتەدىكەن.

تولا ماڭىپ يىرتىلدى،
ئوتۇكۇمنى باشلىغى.
بۇ بايلارغا ئاش بولغان،
ئودەكلەرنىڭ تاشلىغى②

① ئاقسوپا ــ جاي ئىسمى.

② بۇرۇن بايلار ”ئىشتەينى ئاچىدۇ“ دەپ دائىم ئودەكنىڭ تاشلىغىنى يەيدىكەن.



AltunOq

بايغا ئىشلەپ ئوتەمدۇ،
يىتىم باللا ياشلىغى.

ئومرۇمگە ئوغا بولدى،
ئىسلام تازنىڭ يايلاغى.
قوساققا سانجىق سالدى،
بەرگەن سوغ سۇ، قايناغى.
تاغ بوپ باستى باشىمدىن،
بەرگەن قوتۇر ئوغلاغى.

چوڭ سوزلەمە ئىسلام تاز،
بىرنى قويسام ياتۇرسەن.
هالالى يوق مالىڭنىڭ،
قايسى كۆنگە قالۇرسەن.
بۇنداق قىلغان ئىشىڭنى
قىيامەتتە تاتۇرسەن.

ئىلە* قىلسا ساقايماي،
ئىشەكلەرنىڭ ياغىرى.
بايلارغا گوش بولادۇ،
جەگرەنلەرنىڭ جىگەرى.
قانچە پىخسىقلىق قىلساڭ،
تۇگەپ كېتەر ئاخىرى.

ئىككى يۈزجىلك بۇغدايغا
ساۋۇر بۇقانى ئالىپ؛

* ئىلە ــ داۋالاش، سەۋەپ قىلىش.

ئارقاسىدىن ئەرگەشىپ،
ئارقا تاغلارغا بارىپ؛
كىچىلەپ يول ماڭىپتۇ،
بىر ئىزنى ئايلانىپ.

ساۋۇر باينى ئوسمان باي،
دەسسەتىپتۇ تۇزاققا.
ئاش بىرىپتۇ بۇقا دەپ،
تۇغۇلماغان توپاققا.
نەپسى تويماس ساۋۇرباي،
ئىلىنىپتۇ قىلتاققا.

بىر تەڭگىگە سەي ئالدىم،
بەش تەڭگىگە پىنتوزا.
ساڭا نىمە دەز كەتتى،
شاڭيۇ غالچىسى مۇسا.
سەن شاڭيۇڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن غىرىپ يىتىم قوزا.

موسا دوغا سەن بولساڭ،
جەگرەن يىگىت مەنىكەن.
ئات تەپكەندە هار ئەمەس،
ئېشەك تەپكەن هار ئىكەن.
بۇ ئادەمخور زاماندا،
مەندەك يىتىم خار ئىكەن.

☆ ☆

ھېچنىمە بىلىنمەيدۇ،
ساق تۇرۇدۇ تاشىدا.
غارىپ بولۇپ يىغلادىم،
ئىگىز تاغنى باشىدا.
بىرگادا تاش بارمىدۇ،
ئوگەي ئانام باغرىدا.

ياخشى ئادەم بالاسى،
ھەممە ئىشقا ئىتىملىق①
ماڭا ئەجەپ بىلىندى،
ئاناسى يوق يېتىملىق.
ئەجەپ كۇنۇم توگۇمەي،
يەنە ساتتى بىر يىللىق.

ھەجەپمۇ چىقادىكەن،
قارا گۇلنىڭ رەڭى.
خاتۇن ئالىپ بەرگەنگە
بۇ ئايلامنىڭ تىرەڭى②.
بەرگەن جاننىڭنى ئالىپ،
تاشلاۋەتكىن كىنەڭنى③.

① ئىتىملىق — يارامىلىق.

*② تىرەڭى — كورەڭى؛ مىننەت، تاپا ـ تەنە.

③ كىنە — ئوچ، ئاداۋەت، غۇم بۇ ئىككى مىسرادا خۇداغا كىنايە.

ماڭدۇرغالى قويمايدۇ،
كوزلەرىمگە ياش تولۇپ.
ھەمرايىمدىن ئايرىدى،
زالىم سالدار باش بولۇپ.
مەن قالدىم دەرت ــ ئەلەمدە.
يۈرەگىمگە قان تولۇپ.

چوڭ ئاكاما بىچارە،
يىرتىلىپتۇ جۇۋاسى.
ئەجەپمۇ ئۇششۇق ئىكەن،
سالدار باينىڭ بالاسى.
قوشنىلارىم ئايتىڭلار،
بارمۇ دەردىم داۋاسى.

دەردىمىزنى جىڭلاساق،
ھەممەڭلاردىن ئاشادۇ.
مەن بۇ يەردە زۇلۇمدا،
بايلار ئويدە ياتادۇ.
مەن خۇداغا يىغلايمەن،
كوزۇمدىن ياش تاشادۇ.

☆ ☆

يۇرتنىڭ خەلقى جەم بولۇپ،
زاھىر موللىنى قويدى.
تومۇر شايىۇ دەستىدىن،
ئورۇق، ئاجىزلار تويدى.

بەگنى كورسە ھوللاممۇ،
ساتىدىكەن ئىمانىنى.
چوڭ موللىسى مېھماندا،
قاراباستى ئىمامنى.

☆ ☆

باي زورلايدۇ نان ياق دەپ،
تاۋى كەتكەن تونۇرغا.
”جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا“،
مېنى قەستلەپ ئۇپۇرغا.

ئۇستى قارلىق ئىگىز تاغدا!
تۇرغانىمنى كوردۇڭلارمۇ.
بىگىم ئاتلىق، مەن پىيادە،
بارغانىمنى كوردۇڭلارمۇ.

☆ ☆

مالىم كوپەيسۇن دىسەڭ،
ئەپەندەگدىن دۇگا ئال.
مىڭ سەردىنى ئۇتتۇرغان،
ھاشىم شاگىيۇغا ئۇگال.

داۋۇت باي كېتىپ قاپتۇ،
توڭ سويماسىنى غاجاپ.



AltunOq

هاشىم شاكيۇ تىللاپتۇ،
تاۋاكاچىنى قاغاپ.

ئۆزىنى بەگ سانايدۇ
چوڭ مەلدە ئالى① باي.
دۆمبەمنى ياغىر قىلغان
ئاياقتىكى سالى باي.

شۆنچە كالا ئىچىدە،
تاغىل ئۆينىڭ ئىزى زور.
ماكالمايدۇ ئالچاكلاپ،
سالى باينىڭ قىزى زور②.

☆ ☆

ئىككى تۇققان يات بولۇپ،
ماكىپ كەتتى داۋاغا.
شۇ غېرىپ ئاخماق نادان،
قالماغىدى بالاغا.

ئەرزىڭ بولسا بەش پۇللۇق،
قەرز ئېلىپ بار ئون تەڭگە.
سورامايدۇ بولمىسا،
ئۆزەڭ يەيسەن دەرەڭگە.

---

①ئالى—ئېلى (لوپنۇردا "ئېلى" ئىسمىنى "ئالى" دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ).

② زور — زورىخان.

2

ئىنجۇلارمۇ ①كېلىپتۇ،
قۇرۇلۇشتىن ②ئېرىققا③.
ئۇلارغامۇ چارە يوق،
دۇبەندەكى④ يارلىققا.
ماشەنجاڭنىڭ زورلىغى⑤
بىزنى قويدى خارلىققا.

ھاشارغا ئالىپ كەلدى،
ھوكۇمەتنى يارلىغى.
بىزگە غەم، زۇلۇم بولدى،
ماشەنجاڭنىڭ بارلىغى.
كۈن ئالماققا تەس بولدى،
بۇ زاماننىڭ تارلىغى.

ئالتە شوئار خېتى بار،
ھوكۇمەتنى يوللۇرۇ.
شەنجاڭ ئاتا قويۇپ بەر،

① ئىنجۇ — ئىنژېنېر.
② قۇرۇلۇش — شىڭ دەۋرىدىكى قۇرۇلۇش نازارىتى.
③ ئېرىققا — ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىشقا دىگەن مەنىدە.
④ دۇبەن — شىڭ دۇبەن، يەنى شىڭ شىسەي.
⑤ ماشەنجاڭ — 1941-1942-يىللىرى لوپنۇرغا ھاكىم بولغان مامۇت ئېلاجى.

ئالتىنچى ئاي ئونلۇرۇ.
ھاشاچىلار يىغلايدۇ،
مەيدىسىدە قوللۇرۇ①.

مۇرەنگە② ھاشار چىقىپ،
ماڭا بولغان بۇ ئولۇم.
ئىزىمغا ئادەم بەرسەم،
قولۇمدا بولسا پۇلۇم.
مەن ئەمدى قانداق قىلاي
باشىمغا كەلدى زۇلۇم.

باشتىنلا سۇ كەلمەگەچ،
دەريالار قاپتۇ قۇرۇق.
ئەسەنگە كوكلەيدۇ،
بۇ يىلقى سالغان ئۇرۇق.
ماڭا نىمە چارە بار،
بەگلەردىن كەلگەن بۇيرۇق.

بۇندا قىمار بولماس ئىدى،
ماڭا كەلگەن ئىرادە.

---

①ئوما ۋاقتى بولۇپ قىلىپ، پۇتۇن ھاشاچىلار بۇغدايلىرىنى ئورۇۋېلىپ كېلىشكە قەرەللىك رۇخسەت قىلىشىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلغان.

②مۇرەن—جاي ئىسمى (بۇ، موڭغۇلچە سوز بولۇپ، مەنىسى: ئېقىن، دەريا). 1942 - يىلى لوپنۇر، چارقىلىق، كورلا ۋە قارا شەھەرلەردىن ئون مىڭ كىشىلىك ھاشارچى كونا چارقىلىق يولىغا ئىشلەشكە مەجبۇرىي ھەيدىلىپ كېلىنگەن.

ئىشەگىم ئولۇپ قالىپ،
چولدە قالدىم پىيادە.
ئىزلەپ ھىچ تاپالمادىم،
قېرىنداشلارىم نەدە.

ماڭسامۇ تۈگۈمەيدۇ،
بۇ مۇرەننىڭ سايلارى.
قۇملار قىزىپ چوغ بولدى،
يازنىڭ تومۇز ئايلارى.
بىزگە بۇ ھاشار سالغان،
يۇرتنىڭ زالىم بايلارى.

ئون بىرىنچى ئاينى ئونۇ،
پىلان تۈزۈپ قۇرۇلغان.
تىكەنلىكنىڭ بېرىسى،
يۇلۇشەنگە بۇيرۇلغان.
ئوسمان چوجاڭ باش بولۇپ،
ئاراقۇمغا ① گۇڭ قىلغان②.

ئوسمان چوجاڭ باش بولۇپ.
گۇڭ قىلىپ ئاراقۇمغا؛

① ئاراقۇم — جاي ئىسمى.

② گۇڭ — فەنگۇڭ (قايتا ئىشلەش)؛ يول قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە پۈتكەن بولسىمۇ، تەلەپكە لايىق ئەمەس، دەپ پۈتۈپ بولغان يولنى ئورنىنى بىكار قىلىپ، باشقىدىن ئىشلەتكەن. بۇ مىسرا شۇنىڭغا قارىتىلغان.

هاشارچىلار يىغلايدۇ،
چىدىماستىن زۇلۇمغا.
بۇ چامنى پۇتكۈزەيلى،
ئاز قالدى تىرىلغۇغا.

× ×

ماڭساما يېتەلمەيمەن،
مۇرەن دىگەن يېرىگە.
ئارتسام كوتىرەلمىدى،
ئون بىر كوينى بىلىمگە①.
تاغلار ئۇنۇپ توسسىكەن،
بۇ مۇرەننىڭ شەرىگە.

توخسۇندىن سەپەر سالىپ②،
ماڭغان يۇرتۇم ئۇرۇمچى.

① هاشاچىلاردىن بىرسى بىر ئىشەكنى شۇ ۋاقىتتىكى پۇلدا 11 كويغا كىراغا ئېلىپ مىنگەن. لېكىن ئېشەك يېرىم يولغا كەلمەيلا ئادەمنى كوتىرەلمەي يېتىۋالغان... "كوتىرەلمەي 11 كوينى بىلىمگە" دىگەن مىسرا ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان.

② ئەنگلىيىلىك دوكتۇر ئاۋرىل ستەيىن 1930 - يىللاردا لوپنۇردا ئارخىولوگىك تەكشۇرۇش قىلىپ قايتىشىدا بىر - نەچچە ئادەمنى ئۇرۇمچىگە توگە هەيدەش - يىتىلەشكە كىراكەش - لىككە يالىلىغان. يۇقارقى بىر كۇبلىت قوشاقنى يالانغۇچىلارنىڭ بىرى سالتاڭ قاسىم دىگەن كىشى توقىغان (سالتاڭ قاسىم تو - قۇغان قوشاقلار كوپ بولۇپ، هازىرچە قولىمىزغا چۇشكىنى

Altunoq

دۇربۇن بىلەن قارسام،
يارىم شۇندا كورۇندى.
كورمەسەم چىدالمايمەن،
كورۇپ كوڭلۇم سۇيۇندى.

يۇقارقى بىر كۇبلىت). ئاۋرىل ستەيىن ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سوزلىگەچكە، لوپنۇر خەلقى ئۇنى «ئايدىن تورە» دەپ ئاتىغان.

# هازا ـ ماتەم قوشاقلىرى

توۋەندىكى ئون كۇبلىت قوشاق دەسلەپكى توقۇلۇشىدا 3، 2 كۇبلىت بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى كىشىلەر شۇ خىلدىكى هازا ـ ماتەم قوشاقلىرىنى توقۇغاندا، ئۆزىنىڭكىنى بۇرۇنقىسىغا ئۇلاپ توقۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، بىر ئومۇرتقىلىق بىر پۈتۈن شېئىرىي گەۋدىنى شەكىللەندۈرگەن.

— رەتلىگۈچىدىن

بىر يىل بولدى كەلمەدىڭ ئانا يېنىپ،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلايدۇ غېرىپ بالاڭ.
سېنى يالغۇز قالدى دەپ كەلدىم يوقلاپ،
جانىم ئانا غېرىپ هالىمغا قاراڭ.

چىرايىمغا قاراپ باقىڭ ئويغۇنۇپ،
كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈيمەن تولغۇنۇپ.
بۇ دۇنيادا يېتەرىم يوق هالىمغا،
تۈگەپ كەتتىم هېلىلىدەك قورۇلۇپ.

جانىم ئانا ئورنۇڭدىن قوپقان بولساڭ،
چىرايىمغا بىر قاراپ باققان بولساڭ.

غېرىپ كوڭلۈم ئاچىلىپ كۈلۈپ كەتسە،
دەرۋازاڭدىن بىر قاراپ يانغان بولساڭ.

جانىم ئانا بۇ دۇنيادا مەن غېرىپ،
يىگىرمە ئالتە ياشىمدا سەندىن ئايرىلىپ.
خىيال بىلەن يىلى ئۆتتى ئۆمرۈمنىڭ،
يولدا قالغان سامان ئوخشاش سارغىيىپ.

يىغلىما دەپ تەسەللى بەردىلەر ماڭا،
يۈرەك - باغرىم چىدامايدىكەن ساڭا.
مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن جان ئانا،
يېتىم بولۇپ بېشىم ئوچۇق قالدى مانا.

ئانا كەتتىڭ قارىماي مەن يېتىمگە،
خۇدايتالا يەتكۈزگەي نىيىتىمگە.
بىلدىم ئەمدى كۈن چۈشكەندە بېشىمغا،
سەن ھاياتتا يەتمەپتىمەن قەدرىڭگە.

دولتىڭدىن ئايرىلدى ئەزىز بالاڭ،
كېچە - كۈندۈز خىيالدا بولدۇم ساراڭ.
بەرگەن سۈتۈڭ ھەققى قالدى بوينۇمدا،
ئۆلۈمىڭنى ئۇزىتالماي ئاجىز بالاڭ.

تاشتىن قاتتىق كەلدى ماڭا كەمبەغەللىك،
ئانا تاپالمادىم ساڭا بىر كېپەنلىك.
ئارزۇلىغان يەرلىگىڭدە ياتالمادىڭ،
ياتقان يېرىڭ بولدى ئاخىر شۇ تىكەنلىك.

تىكەنلىككە تىكەن دەسسەپ ياياق كەلدىم،
ھەمرايىم يوق غېرىپ يالغۇز يىغلاپ كەلدىم.
بىر يىل بولدى سەن بۇ ياقتا ياتقىلى،
غېرىپ كوڭلۇم بىلەن سېنى يوقلاپ كەلدىم.

كەتكەن ئىكەن ئاتام مېنى ساڭا تاشلاپ،
جانىم ئانا كەتتىڭ مېنى كىمگە تاشلاپ.
بۇ دۇنيادا ئۆتەرمەنمۇ غېرىپ بولۇپ،
يىتىملىكتە كوڭلۇم كۆلمەي يىغلاپ ـ قاخشاپ.

☆ ☆

دەرت بىلەن ئۆلۈپ كەتتىڭ جانىم ئانا.
سەن كېتىپ ئالتە بالاڭ نەدە قالا.
بالا تۇغۇپ دولىتىنى كورمەدىڭ،
قادىر خۇدا جايىڭنى جەننەت قىلا.

قادىر خۇدا جايىڭنى جەننەت قىلا،
بىز يىتىمنى قايسى كۈن ـ كويىغا سالا.
بىز يىتىمنىڭ تىلەگىنى قوبۇل قىلسا،
بېھىشتىكى ھورلەرگە ھەمرا قىلا.

يىتىملىكتە بېشىمىز ئەجەپ قاتتى،
بارچە دەرتنى مېھرىبان ئانام تارتتى.
ئالتە يېتىم قوزىسىنى باققىلى،
چاكارلىققا ئۆزىنى بايغا ساتتى.

دەردى يوق ئويناپدىكەن بىلىق سۇدا،
باللارغا تۇبرۇك ئىكەن ئاتا ـ ئانا.
خەق قولدا يۇرۇيدىمىز سوقۇلۇپ،
خۇدايىمغا نىمە قىلدۇق ئالتە بالا!

☆ ☆

قوينۇڭنۇ ئاچ، يېنىڭدا ياتادىمەن،
ئەرگە تەگمەي بالامنى باقادىمەن.
خىيال قىلسام بۇ دەرتكە نىمە چارە،
ناخشا ئايتىپ كوڭلۇمنى ئاچادىمەن.*

☆ ☆

قىلۋىدىن شامال كەلسە،
مەن ئانامنى سورايمەن.
كەلۇرمۇ دەپ ئانامنى،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

يىغلادىم مەن يىغلادىم،
قارا كوزۇم تولغىچە.
نىمىشقىمۇ تۇققانسەن،
يېتىملىككە قويغىچە.

* يۇقۇرقى بىر كۇبلىت قوشاقنى يولدىشى ئولۇپ كېتىپ، بىر بالا بىلەن تۇل قالغان ياش بىر ئايال ئوزىنىڭ يولدىشىغا سېغىنىپ ۋە سادىقلىغىنى بىلدۇرۇپ توقىغان.



AltunOq

مەن ئەمدى قانداق چىداي،
يانغىنىزغا بارغىچە.
جۈپتۈگارىم تىللىما،
ئازار كەلدى كوڭلۈمگە.

ئانامنى دەپ يىغلايمەن،
يىغام تولا ئىچىدە.
مەن ئانامدىن ئايرىلىپ،
راھىتىم يوق ئويۈمدە.

يازغى بۇغداي مايسا بولدى،
كۈزگى بۇغداي نەدە بار؟
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
جان ئانا سەن نەدە بار؟!

ئاتام ئوگەي، ئانام ئوگەي،
بالام دىمەيدۇلا مېنى.
شۇ كۈندە ئولۈپ كەتسەم،
يامان دىمەيدۇلا مېنى.

## مۇھەببەت قوشاقلىرى

1

مېڭىپ ـ مېڭىپ يېتەلمەدىم تارىمغا،
قانداق چىداي قىزىلگۈلدەك يارىمغا.
كېچىلەردە ئويغۇ كەلمەس كوزۇمگە،
قىزىلگۈلۈم سەن يەتكەندە يادىمغا.

ئىسسىق ئۇمرۇم ئوتۇپ كەتتى تارىم، دەپ،
كۈندە ـ كۈندە نالە قىلىپ يارىم، دەپ.
مېنىڭ بىلەن بولسا ئوينار خىيالىڭ،
ئەزان چىللاپ ئات قويغىن خان ئايىم، دەپ.

ئاي گۈلۈمنىڭ بويى زىلۋا، مەجنۇن تالدەك،
گەپ ـ سوزلىرى شېكەر بىلەن ناۋاتتەك.
بۇ مەلدە ئوخشىمايدۇ ھېچكىمگە،
كۈيىقاپتا تۇغۇلغان پەرىزاتتەك.

كېتەدىمەن ئايگۈلۈمنىڭ قاشىغا،
ئاپتاپ چاقسا سايە بولاي باشىغا.

بولاي دەيمەن ئايگۈلۈمنىڭ ياغلىقى،
دەرت ـ پىراقتا كوزدىن ئاققان ياشىغا.

ھەسرىتىمنى ئېيتاي دەيمەن ئۆزۈڭگە،
تىل تەگمەسۇن قاشىڭ بىلەن كوزۇڭگە.
قىزىلگۈلۈم ئوخشىمايسەن ھېچكىمگە،
مەن ئوخشاتتىم سىنى پەرى ـ ھور گۈلگە.

دەردىڭىزدە يۈرەگىم بولدى پارە،
تورغاي خانىم كويۈككە نىمە چارە.
بىر سىنى دەپ مۆڭ توشتى يۈرەگىمگە،
مەھەللەڭدە باشىمغا بولغىن سايە.

قاچان غىنچە يۈرسەن سايە بولۇپ،
ئۇخلاپ قالسام چۈشۈمدە پەيدا بولۇپ.
بۇ كەمگىچە مەن سەنى بىلمەپتىمەن،
سىنىڭ ئۆزۈڭ ھور قىزلاردىن توغۇلۇپ.

ئاتا ـ ئاناڭ ھور قىزلارنىڭ ئۇرۇغى،
سىنى كورمەي كىمنىڭ كىلۇر ئۇيقۇسى.
بۇ قوشۇقنى سىز يارىمغا چىقاردىم،
بىلىپ قالغىن يەتتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇزى.

چىشىڭنىڭ ئاقلىغى دۇرى ـ دارادۇر،
لىۋىڭنىڭ تاتلىغى تىلنى يارادۇر.
قاشلىرىڭ قازى بولۇپ يۈرتنى سورادۇر،
كىرپىگىڭ جادۇ بولۇپ جاننى ئالادۇر.

چىراق ئۇخشاش يۈرۈيدىكەن تەن - بويۈڭ،
ياراشىپتۇ تۇرقادىن كەيگەن تونۇڭ.
چاكار قىلىپ خىزمەتكە ئالار بولساڭ،
ئۆلگۈچەمدە توشۇيمەن ئوتۇن سۈيۈڭ.

تولۇن ئايغا ئوخشايدىكەن چىرايىڭ،
نىمە ئىكەن مەن بىلمەيمەن خىيالىڭ.
بۇ ئالەمدە ئەرزىمنى سورامايدۇ،
قىيامەتكە باقى قالسۇن داۋايىم.

كۈلۈشلىرىڭ بۇلبۇل ئوخشاش قاقاقلاپ،
يۈرۈگۈمنى ھەجەپ سىقتى قاماقلاپ.
باغرىڭ تاشمۇ، سەن يۈرۈيسەن قاراماي،
قىزىلگۈلۈم يۈرۈيمەن سىنى ساقلاپ.

قارغا بولۇپ ئىشىگىدە غاقىتاسام،
كېچىلەردە مەن ئورنۇمدا ياتماسام.
بۇ يىل مۇندا مىنىڭ ئىشىم تەس بولدى،
ئىزلەپ بارىپ مەن يارىمنى تاپماسام.

ئىزلەپ بارىپ مەن يارىمنى تاپالماي،
سۇلار ئىچىپ كويەك ئوتنى باسالماي،
قايتار بولدۇم مەن يۇرتۇمغا ئارماندا،
باغرى تاشتىن بىر ئاغىز سوز ئالالماي.

باغدا كاككۇك، ئولكىدە زەينەپ ئۈنۈ،
سىنى كورمەي پاتمايدۇ مىنى كۈنۈ.

بەش يۇرۇشنۇ① ئىزلەپ ھېچ تاپالمادىم،
نەگە كەتتىڭ باغىنىڭ قىزىلگۈلى.

نەگە كەتتىڭ گۈل ئاچىلۇر ۋاقتىدا،
پەرىزاتتەك ئولتۇرارسەن تاختىدا.
مەن دەردىڭنى ئاغالاپ② قوشاي دىسەم،
غارىپلىقتا زىھنىم كەلمەدى ناخشىغا.

ھەسرىتىڭدە يۇرۇيدىمەن يولۇڭدا،
ئارمانىم شۇ كىرىپ ياتسام قوينۇڭغا.
پىلە ئوخشاش بويلۇرۇڭغا ئىرماشىپ،
گىرە سالىپ ياتسام سىنىڭ بوينۇڭغا.

ئۇما قۇشتەك ئىگەم بولماي قاناتىم،
سەھەر تۇرۇپ مەن يولۇڭغا قارادىم.
ئوت-كويۇڭنۇ بىرلەرگە سالىپ قويدۇڭ،
ھەسرىتىڭدە يارىم چەندان يىغلادىم.

زار ئەيلەسەم بىر كىشى ئەيتامۇدۇ؟
مىنىڭ كۆڭلۈم مۇشۇنداق بولامۇدۇ؟
مەن ئارقاڭدىن نەلدە يۇرۇيدىمەن،
خىيال قىلغان ماڭا كۈن پاتامۇدۇ.

---

① بەش يۇرۇش — ھەر تەرەپ، تەرەپ-تەرەپ.

② ئاغالاپ — مەدھىيىلەپ، بېغىشلاپ؛ ئىزھارلاپ.

AltunOq

پاتۇرالماي ئۈچىنچى ئاي كۈنۈنۈ،
ئاڭلاتتىڭلار ناۋايىلىنىڭ① ئۈنۈنۈ.
بەت قارالىق دۈشمەنىم تاما قىلىپ،
ھايدىۋەتتى بۇ مەلىدىن گۈلۈمۈ.

چىللاپ باردى خۇدا يۈلۈ مىھمانغا،
تۇتۇۋالدى ئۆيلىرىگە بارغانغا.
تۈتىكىپ② مەن مەلەمگە كىراالمادىم،
ئىگىنىمنى سويۇۋالىپ قالغانغا.

ئىگىنىمنى سويۇۋالىپ قالدىلا،
تۇتۇۋالىپ ئاچچىغىنى ئالدىلا.
قىزىلگۈلۈم سەن كوڭلۈڭگە ئالماغىن،
گۈناكارلاپ قويىلىرىغا سالدىلا.

گۈناكارلاپ سالىپ قويدى قويۇغا،
توسادىمەن ئۆتكەندەكى يولۇغا.
تايەك③ ئوكە قولۇمنۇ يېشىپ قويدۇڭ،
خۇدايىتالا تۇراق④ بولسۇن ئۆمرۈڭغا.

خۇدايىتالا تۇراق بولسۇن ئۆمرۈڭغا،
شۇ دۈشمەندىن ئارالاپ ئالدىڭ مىنى.

① ناۋايىل — ناۋاچى، نالە قىلغۇچى.
② تۈتىكىپ، — نۇمۇس قىلىپ.
③ تايەك — ئادەم ئىسمى.
④ تۇراق بولسۇن — كېپىل، كاپالەت بولسۇن.

تۇت تامانـدىن قاۋالاپ ئۇرادىلار،
ئىگە چىقىپ تاپىپ ئالۇرمۇ مېنى.

يىغلاپ ياشىم دەريا بولۇپ قۇيۇلۇپ،
بىر كۈن بولماي قىلغان ئىشىڭ تۈيۈلۈپ،
دوڭگە چىقىپ مەلەڭ سايان يىغلادىم،
سەن يار ئۈچۈن گۆھەر كوزۇم قۇيۇلۇپ.

قاغا ئۈچسا قاناتىغا قاراڭلار،
گۈنا قىلسام زەنجىر بىلەن باغلاڭلار.
زىرىككەن بولسا يارىم مېنىڭدىن،
ئىنىسى - جىنى يوق باياۋانغا پالاڭلار.

ئاغىزغا سالسا ئېرىمەيدىكەن ناۋات،
يەتتە ئاشىقنىڭ بىرسى شىرىن - پەرھات.
قىزىلگۈلۈم بىلەرسەنمۇ سېنى دەپ،
يۈرگىنىمنى چۆل - دالادا چېكىپ پەريات.

سۈتكە ئوخشار ھالقا سالغان بىلەگىڭ،
ساپ ئىشقىڭدا كويۇپ پۈتتى يۈرەگىم.
كېچە - كۈندۈز نىيەت قىلىپ يۈرۈيمەن،
بىرەر ۋاقىلىق ئادا بولار تىلەگىم.

توساي دىسەم توسۇلمىدى شۇ كالا،
كويگۈنۈمنى بىلمەدىڭ باغرى قارا.
ئادەمچىلىك قاتارىغا ئالمادىڭ،
سىناپ باققىن بىزماغۇ گەنجىڭ بالا.

خىيال قىلغىن ئەي يارىم كويۇك يامان،
قاراپ باقىن چىرايىم سىرىق سامان.
ئاناڭچىلىك بىلمەدىڭ سەن ھالىمنى،
ئاچتى غېرىپ كوڭلۈمنى سىنىڭ ئاناڭ.

قاچان چاغدا تۇغۇلغان ئىدىڭ يارىم،
خويما كويەر بۇ مىنىڭ غېرىپ جانىم.
توغرا كەلسە ئادەمنى ساتىپ ئالىش،
ئالۇر ئىدىم نەچچە بولسا باھايىڭ.

قارا كوزۇم ساڭا قاراپ تويماسا،
بىر ياخشىغا بىر ياخشىنى قاتماسا.
ئوت - كويۇككە جىگەر باغرىم ئېزىلدى،
ساڭا ئويناپ غېرىپ كوڭلۇم قانماسا.

يۇردۇم ساڭا ئەزىز يۇرەگىم قانماي،
ئاڭلايمۇسەن مەن دەردىمنى ئەيتاي.
قارچۇغىدەك قولۇمغا كېلۇر بولساڭ،
يالغۇز جاننى پىلاپ قويۇپلا ئويناي.

مەن يىغلاسام ئاھىم خۇداغا يەتمەي،
بىر يىل بوپتۇ كوڭلۇم سىنىڭدىن كەتمەي.
قىزىلگۇلۇم دەرت كويۇكنى بىلەمسەن،
ئويناي دىمەن ئولگىچە كوڭۇل بولمەي.

دەردىڭىزنى، ئويلاسام، بەش يىل تارتتىم،
ئاغرىپ قالىپ مەن ئويۇمدە ئۇزۇن ياتتىم.

يالغۇز ئويۇم ماڭا بىر دوزاق بولدى،
دەرت ـ ھالىمنى بىلسۇن دەپ قوشاق قاتتىم.

كېسەل يەپتۇ يۈرەگىمنىڭ ياغىنى،
ئۆزەم باغلاپ بۇ يىكەننىڭ باغىنى،
ئۆزەم يالغۇز كول بويىدا ئولتۇرۇپ،
بالىق يېسەم يارغا قويدۇم ياغىنى.

دەمەتلىكتە كوزۇم ئويناپ ياغلىقتا،
تىۋىپ بولماي ئىچىمدىكى ئاغرىقتا.
ئاداش دىگەن شۇنداق تاتلىق ئوخشايدۇ،
ھەر ئاخشىمى بارىمەن شۇ تاللىقتا.

جاڭگاللىقتا تۇتۇپ ئالدىم توشقاننى،
كىم ئايرىيدۇ خۇدا ئۆزى قوشقاننى.
قىزىلگۈلۈم سەنمۇ مەندەك مەخلۇققۇ،
قىيناۋەرمە بۇ پاناسىز ياش جاننى.

سىنىڭ ئۈچۈن قىينالدى ئەزىز جانىم،
تۈن كېچەنى يارۇتقان شىۋى* يارىم.
بۇ ئالەمدە باشقىغا كۆن چۈشمەيدۇ،
ئۇ ئالەمدە ھور قىزلار بەرسۈن جايىڭ.

ھەسرىتىڭدە يۇرۇيدىمەن يولۇڭدا.
سەن يۇرۇيسەن مەندىن قېچىپ بولۇڭدا.

* شىۋى ـــ شىۋىقەدىر.

ئاخشاملاردا شوخ بۇلبۇلدەك ئۈن ئاڭلاپ،
خىيال قىلىپ ياتالمايمەن ئورنۇمدا.

ئۈزۈلمەيدۇ خۇدايىمنىڭ تاناسى،
خىيال قىلىڭ سەن دىگەن كىم بالاسى؟
يېڭىدىن بىر قارچۇغىنى قوشلاپسەن،
شۇ بولدىمۇ كويىگۇنۇمنىڭ داۋاسى!

شۇنچە يىلدىن يۇرۇپتىمەن ئاھ تارتىپ،
دەردىڭ بىلەن ياشىم دەريادەك ئاقىپ.
ئاراڭىزغا تىكەن بولۇپ ئۇندۇممۇ،
قايتىپ كېتەي مەن مەلەمگە تېز يانىپ.

شۇنچە يىلدىن مەن ئولاشماي تۇرنىغا،
يۇرگەن ئىدىم دەرت-پىراققا مۇپتىلا.
قىسمىتىمدە ياردىن تەلەي يوق ئىكەن،
كۇندە-كۇندە يىغلاپ ئۇتەي خۇداغا.

بىلمەي تۇرۇپ چاقاغۇننى يەپتىمەن،
قاغۇن بەرسەڭ كوڭۇل بەردى دەپتىمەن.
قانداق بىلەي سىنىڭ ئالا باغرىڭنى،
نادانلىقتىن ئاخماق بولۇپ كەپتىمەن.

دەرت-ئەلەمدە ئايلانىپ مىنىڭ باشىم،
دەريا بولۇپ كوزۇمدىن ئاقتى ياشىم.
قاچانىدىنەي ئىچىڭدە تۇرۇپ قالغان،
يۇرىگىڭدە ئېرىمەس قارا تاشىڭ.



Altun Oq

قارا تاشنىڭ بۇرۇندىلا بار ئىكەن،
سېنىڭ كوڭلۇڭ بىر ماڭىلا تار ئىكەن.
مەن دەردىمنى ئېيتادىمەن ئۆزەڭگە،
قارا باتۇر ئەمدى ساڭا يار ئىكەن.

يۈرەلمەيسەن ئەمدى سەن ئاخماق قىلىپ.
يۈرۈيدىمەن با خىيالىڭنى بىلىپ.
ئەي بەدگۇيا، باشتا قىلغان ۋەدەڭدىن
كەتتى گوشۇم ئۇستىخانىمدىن سىزىپ.

ئارقا كولدە ئۈينايدىكەن ئۆدەكلەر،
سېنىڭ بىلەن گەپلىك ئىكەن گۆدەكلەر.
ھەجەپ ماڭا ئەلەم قىلدىڭ قارا كوز،
يارا بولدى ھەسرىتىڭدە يۈرەكلەر.

ئۈچالىسام قونار ئىدىم تېرەككە،
يىغلايدىمەن يارا بولغان يۈرەككە.
ئەي باغرى تاش يۈزىڭ ئاداش تۇتساڭىز،
كەلمەيدىكەن ماڭا ئوخشاش كېرەككە.

يارىمىزنىڭ مىڭەنى تورۇق قاشقا،
بۇ خېنىمنىڭ كوڭلىدە يارى باشقا.
دوست - يارانلار، دەرت كوردۇم ۋاپاسىزدىن،
ئۈرالمايمەن گوھەرنى ئەمدى تاشقا.

كوزۇم چۈشتى كولدىكى ئۆدەكلەرگە،
ياز بولۇپتۇ، پەردە تارت روجەكلەرگە،

يار - يار دىگەن بەدگۇيا شۇنداق بولسا،
گەپ قىلماسمەن ئەمدى ھېچ گۇدەكلەرگە.

تولا ماڭىپ قاپىرىپ كەتتى پۇتۇم،
زىرىكمەيمەن تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرتۇم،
سەن يادىمغا يەتكەندە جانالىغىم،
لاچىن بولۇپ قانات تاقاپلا ئۇچتۇم.

تىل تورغۇيۇم ئۇنامايسەن سويگەلى،
ھىساپ قىلسام بىر يىل بوپتۇ كويگەلى.
ئاستا ئولتۇرۇپ ئۇزۇنىنۇ خىيال قىلسام،
بولمايدىكەن سىزدىن كوڭۇل بولگەلى.

غىرىپلىقتا بۇلبۇلۇم يوق سايراشقا،
قاخشال ئوتۇن ئوبدان ئىكەن قالاشقا.
شۇ خۇدانىڭ ئىرادە - تەقدىرىدىن،
سەن يارنى دەپ كېلىپ قالدۇق قايلاشقا*.

سەن يارنى دەپ كەلدىم قاتتىق سوغاقتا،
ئويگە كىرسەم ئوتۇن كويەر ئوچاقتا.
تىل تورغۇيۇم مۇبارەك قولۇڭ بىلەن
بەرگەن چايىنىڭ تەمى قاپتۇ تاماقتا.

كويگەن جانلار كوھەرلەرگە ئوخشاماس،
مېنىڭ كوڭلۇم بولەك يەردە توختىماس،

* قايلاش— جاي ئىسمى.

ىلڭ ئادەمنىڭ قاتارىدا تۇرغۇزسام،
قىزىلگۈلۈم، ھېچكىم ساڭا ئوخشىماس.

ئويناماقتا مەن بېلىمنى باغلاسام،
سەن يارىمنى خىيالىنى چاغلاسام،
بۇ بەچارە غېرىپ كوڭلۈم ئاچىلماس،
سەن يارىمنى ئوز قولۇمغا ئالماسام.

ئىككى ئويناش بىر-بىرىنى چاغلاسا،
بىر-بىرىنى دەرت-ئەلەمگە قويماسا.
قىزىلگۈلۈم، سەندىن كوڭلۈم كەتمەدى،
قانداق چىداي ئەشمە* قولۇڭ ئاغرىسا.

كوپ ئاغرىيدۇ ھور قىزلارنىڭ قوللارى،
ئەۋرشىندەك ئىرغا نادۇ بەللەرى.
تا ئولگىچە سەن بىلەنلا ئوتۇمەن،
يۈرەكىمگە ئوتنى سالغان ئوزلەرى.

بەندىلەرنى ئوخشاش قىلماي خۇدايىم،
ھەر كېچەسى سىزنى چۈشەپ ھەمرايىم،
قىزىلگۈلۈم، ئوتۇڭدا تىرىك ئولسەم،
ئاخىرەتتە بولۇر ساڭا داۋايىم.

ئاخىرەتتە داۋايىم بولۇر ساڭا،
راست گەپىڭنى ئايتىپ باققىن سەن ماڭا.

* ئەشمە — نازۇك، يۇمران.

ھەر كىچەسى كورگۈنۈمدە چۈشۈمدە،
ئوڭۈمدىمۇ كىرسەم ئىدىم قوينۇڭغا.

ئوڭۈمدىمۇ كىرسەم ئىدىم قوينۇڭغا،
يورگۈل① بولۇپ گىرە سالاي بوينۇڭغا.
گۈل ھەمرايىم بەختىڭ شۇنداق ئوڭ ئىكەن،
ياش تىلەيمەن كورۈدىغان ئومرۈڭغا.

ياش تىلەيمەن ئومرۈڭغا خۇدايىمدىن،
كويگەنلىگىم بىلىنۇر چىرايىمدىن.
چۈشتە كويگەن كويۈكنى يامان دەيدۇ،
كوڭلى بارمۇ سوراڭلار گۈل ئايىمدىن.

كوڭلى بارمۇ گۈل ئايىمدىن سوراڭلار،
يالغۇز يەردە ئۇچراشىپ تۇرۇڭلار.
سولاشماي مەن غېرىپ كوڭلۇم ئاچىلماي،
رەھىم قىلىپ كوز يۈگۈرتۈپ قويۇڭلار.

قاچىپ كېتىپ توختامايدۇ ئىلقىسى،
شامال ئەمەس مەن غېرىپنىڭ يىغىسى.
يۈرۈگۈمگە ئوتنى سالىپ كويدۈرگەن،
چادادىكى② باي خېنىمنىڭ سىڭلىسى.

پادا باقسام ئوز قويىدۇر دىدىڭمۇ،
قوينى ساتسام ئوز پۇلىدۇر دىدىڭمۇ.

---

① يورگۈل ـــ يوگۈمەچ.

② چادا ـــ جاي ئىسمى.

مېنىڭ چاكار، قۇللۇغۇمنى بىلەمسەن،
تىكەنلىكنىڭ چوڭ بايىكەن دىدىڭمۇ.

تەڭ كەلمەيمەن باي قىزىغا، پۇلۇم يوق،
ساتاي دىسەم ساتا-ساتقۇ قويۇم يوق.
مەن ئاچاڭنىڭ ساتىپ ئالغان قۇلى مەن،
جايىم جاڭگال، ياتاي دىسەم ئۆيۈم يوق.

خېنىم مەنمۇ تېپەپ ئويناي خىلىمنى،
سىز جاننى دەپ قىيناماي ئۆز جېنىمنى.
سىزدىن ۋاپا كېلەر ئەمەس ئويلاسام،
ھىلىتىنلا يارا قىلدىڭ دىلىمنى.

تار بويۇڭغا يورگۇلۇپ تورقا① پىلا②،
ماڭا تۇزاق قۇرۇپسەن قىلىپ ھىلا.
تېپەپ ئويناي ئۆز دەمەتلىك — خىلىمنى،
سەن تەرەپكە كەلمەيمەن ئىللا-بىللا.

ئىشىكڭدىن مىنىپ ئوتتۇم كالامنى،
قارىماسقا ئايرىۋەتتىم ئارامنى.
كوڭۈل بىلمەس ئالا باغىر خانلارغا،
ئەمدى زادى كورسەتمەيمەن قارامنى.

ماڭا ئويناپ سەنمۇ قالما پۇشماندىغا،
چاكار قاچان تەڭ بولغان بار باي، خانغا.

① تورقا — چىڭگىنىڭ بىر خىلى.
② پىلا — پىلە.

ئويناي دىسەم ئادەم تولا ھەر يەردە،
ئوز يۇرتۇمدا دىلىم ئوينار تۇققانىغا.

مەنمۇ كورەي ئويناپ باقسىن بولەككە،
دىگەن بىلەن چىدىمايسەن كويۇككە.
باينىڭ قىزى تولا ئىچىڭ ئاغرىپتۇ،
كېتەر ۋاختىڭ ئۇلگۇرمىگەن كۇمەچكە.

☆ ☆

باراي دىسەم بۇ يوللارنىڭ يىراغى،
قارا ساچىڭ ناما*يەرنىڭ قىياغى.
يالىڭۇز ئويدە قانداق كەلدى تۇرغۇڭمۇ،
ئاق مەلىكەم مەلەمىزنىڭ چىراغى.

ئارمان بىلەن كۇنۇم ئوتتى تارىم دەپ،
جاڭگاللاردا قوشۇق توقۇپ يارىم دەپ.
دىل خۇمارىم، سىنى ئىككى ئالەملىك
ئومۇرلۇگۇم، ھەمرالىغىم، باغرىم دەپ.

سۇلار كەلسە بالىق ئورلەيدۇ باشقا،
ھەجەپ كويدۇم گۇل ئايىم قەلەمقاشقا.
مەن بارماسام كېلىپ قوياي دىمەيدۇ،
يەنە يارى بارمىكىن مەندىن باشقا.

---

* ناما ــــ نەم، زەي.

كېچە ـ كۈندۈز باسىدۇ مېنى خىيال،
مەن يارىمنى كورۇشكە ئىزلەپ ئامال.
قىزىلگۈلۈم كويگەنىمنى بىلەمدۇ،
كۈندە بارىپ توكسەم دەيمەن دەردۇ ـ هال.

چارا① دىگەن تايىز كولنىڭ② ئاياغى،
تىزغا كېلەر ئوتلاغىنىڭ قىياغى.
كېلىپ تەككەن يۈرۈگۈمگە ئوق بولۇپ،
هەر قاراشتا شول يارىمنىڭ قاراغى③.

چارا دىگەن تايىز كولنىڭ ئاياغى،
يولەك بولار مۇساپىرنىڭ تاياغى④
سۇ، كوللەرنى كېچىپ يېتىپ بارغىچە،
چۇشۇپ قالار كەيگەن چورۇق ـ ئاياغى.

مىنسەڭ ئويناپ ماڭىدۇ تورۇق ئاتىڭ،
بىز تەرەپكە كەلمەمدۇ يارىم خاتىڭ.
سەندىن تولا ئەندىش ـ گۇمان قىلمايمەن،
ماڭا مەلۇم سېنىڭ ئۇرۇق ـ جاماتىڭ.

ئوتۇڭ يالجىپ كويدۇرىدۇ يۈرەكنى،
كويگەن يۈرەك بىر تۇتمادى بىلەكنى.
رەهىم قىلسا خۇدا مەندەك غارىپقا،
يېقىن قىلار يىراقتىكى تىلەكنى.

① ② جاي ئىسمىلىرى
③ قاراق ـــ كوزنىڭ قارىچۇغى.
④ تاياق ـــ قويچى تايىغى؛ هاسا.

ھەپتە دىگەن ھەجەپ ئۇزۇن—يەتتە كۈن،
جۇدالىقتا كۈندۈزۈمۇ قارا تۈن.
ئەي يارانلار دەپ قويۇڭلار يارىمغا،
كەلمەدى دەپ مەندىن ئاغرىپ يۈرمەسۇن.

كۈندە-كۈندە باراي دەيمەن چاراغا،
سەنمۇ تەشنا گۈل ئايىمدەك ھەمراغا.
قانداق قىلاي يول بەرمىسە خۇدايىم،
بىتەلەي بوپ تۇغۇلۇپتۇق دۇنياغا.

تاجى بولۇپ باشىڭىزغا قادالاي،
ياقىن كەلگىن بويۇڭغا گىرە سالاي.
ئوتتۇك چۈشۈپ يۈرەگىم كاۋاپ بولدى،
قىزىلگۈلۈم، ئەمدى مەن قانداق قىلاي.

كىرەيمىكىن تاھىردەك ساندۇق چاپىپ،
كوز ياشىم دەرياسىدا ساڭا ئاقىپ.
قىزىلگۈلۈم، خىيالىڭنى بىلمەيمەن،
بارار ئىدىم يۈرۈر جايىڭنى تاپىپ.

ئوتەرمەن دەپ بىر ئارىقتىن ئالتادىم*،
غۇنچە بوينى بىر گىرەلەپ باقمادىم.
كۈندە تۇرۇپ قەرەلىنى سوراغلاپ،
بەرگەن ۋەدە سوزلەرىنى يادلادىم.

---

* ئالتادىم—ئاتلىدىم.

ئورما ئورسام سەن كەينىمدە قوي ئۆنچە،
مېنىڭ يارىم ئۇ مەلەدە بەك نوچە.
ئەل ئىچىدە تاللاپ تۇرۇپ ئات قويدۇم،
يارىشامدۇ قويغان ئىسمىم "گۈل غۇنچە"

ئېچىلىپتۇ قىزىلگۈلنىڭ غۇنچەسى،
چىشلارىڭىز دۇپپاڭىزنىڭ ئۈنچەسى.
بارسام يارىم سىزگە بالا بولۇرمۇ،
يامان ئىكەن ئاناڭىزنىڭ كۈنچەسى.

گۈل غۇنچە دەپ نامىڭىزنى ماختاسام،
شۇ بارغانچە مەلەڭىزدىن يانماسام.
باشىم كوككە تاقاشادۇ گۈل ئايىم،
بارغانلاردىن بىرەر خەۋەر ئاڭلاسام.

سىزدەك بىر گۈل بۇ زېمىندە تۇغۇلماس،
تۇغۇلسىمۇ ماڭا سىزدەك تۇيۇلماس.
بىر يىل بولدى سىز گۈلۈمنى كورمەدىم،
شۇندىن بېرى مېنىڭ كوڭلۇم ئاچىلماس.

ئوتۇپ بارىپ چىرايىڭغا قاراسام،
قانداق چىداي ھەمرايىمدىن ئايرىلسام.
پۈتكەن ئىكەن پىشانەمگە خۇدايىم،
بولمايدىكەن باي قويىنى باقمىسام.

تىل تۇرغۇيۇم تىل تەگمەسۇن بويۇڭغا،
قولۇم يەتسە گىرە سالسام بوينۇڭغا.

دىل خۇمارىم ئۇتتۇڭدا ئېرىپ كەتمەي،
كېلىپ مېنى سېلىۋالغىن قوينۇڭغا.

سېنىڭ ئۇچۇن ئىشلەيدىمەن قۇل بولۇپ،
ھەركىم ئوينار ئۆز يارىنى چىڭ تۇتۇپ.
ئاللا ئىگەم ساڭىلا نەزەر سالغان،
ئاناڭىزدىن تولۇن ئايدەك تۇغۇلۇپ.

چولپان بولۇپ تۇن كېچەنى يورۇتۇپ،
نازىلىسەن* ھورلىقادەك تولغۇنۇپ.
دوڭگە چىقىپ قۇلاق سېلىپ ئاڭلايمەن،
تاڭ سەھەردە سايرىساڭ بۇلبۇل بولۇپ.

ھوركەي چىقتى، ئاي نىمىشقا پاتمايدۇ،
چولپان تۇغدى، تاڭ نىمىشقا ئاتمايدۇ.
قىزىلگۈلۈم، بىلىسەڭ بەختىم قارىكەن،
ئىگەم ماڭا ئۇيقۇ كوزىدە باقمايدۇ.

قۇملار توسۇپ كورۇنمەيدۇ ئۇ مەلە،
پىراقىڭدا تولا قىلىمەن نالە.
ئوتتەك كويۇپ يۈرەگىم بولدى پارە،
قىزىلگۈلۈم، بۇ دەرتكە نىمە چارە؟

چىرايىڭنى ياغ قويۇپ ياغلاغاندەك،
قاش-كوزلىرىڭ پەيغەمبەر سىلاغاندەك.

* نازىلىسەن — نازلىنىسەن، ئەركىلەيسەن.



AltunOq

شۇنداق نۇرلۇق تۇغۇلۇپسەن ئالەمگە،
بەدەنىڭنى ئالتۇندا سىرلاغاندەك.

تاڭ تۇمارى گۈزەل چولپان پاقىراپ،
ئۇچۇپ ئۆتتى ئۇدەك، غازلار غاقىراپ.
بىزمۇ تاھىر-زوھراخاندەك ئۆتەمدۇق،
كوزلەرىمدىن ئاقتى ياشىم شاقىراپ.

يار ئۆتۈكدا كويدۇم ھەجەپ ھايالسىز،
بىرەر قېتىم چىرايىمغا قارامسىز.
ئەۋەلىدە ئاشنا قىلىپ ئۆزىڭىز،
ئەمدىلىكتە يارىم مەندىن چانامسىز.

قىزىلگۈلۈم، سەنمۇ بىر كەلسەڭ ئىدىڭ،
ئىچىمدىكى دەردىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ.
ھەسرىتىم كوپ ئىچىمدە ساڭا كويگەن،
كېلىپ يارىم ھالىمغا يەتسەڭ ئىدىڭ.

خۇدايىتالا مېنى سەندىن ئايرىشقا،
بۇيرۇپتىكەن باي قويىنى باقىشقا.
گۇناكارلاپ دەرتلىرىمگە دەرت قوشۇپ،
نازۇك جانىم خاپا بولدۇڭ نىمىشقا؟

نىمە ئىكەن خىيالىڭنى بىلمەيمەن،
ئۆمرۈم بولسا مەن باشقىنى سويمەيمەن.
قىزىلگۈلۈم، مەن باشقاغا كوز سالسام،
ئاخىرەتتە بەھىش يۈزى كورمەيمەن.

نىمە ئىكەن خىيالىڭنى بىلمەيمەن،
ئۆمرۈم بولسا يەنە يۈز يىل ئوينايمەن.
ئوينار بولساڭ مەھكەم باغلا بېلىڭنى،
سېنى خەقنىڭ گەپ-سۆزىگە قويمايمەن.

ئايدىڭمۇ ئىككى ئاغىز گەپىڭنى،
زايا قىلماي دىدىڭمىكىن تىلىڭنى.
سېنى ئويلاپ ئۆيدە يالغۇز يىگەن نان،
تەستە-تەستە قىرىپ ئۆتتى گېلىمنى.

تاڭ سەھەردە مەن ئۆزەمنى سەگىتەي،
يار ئاغرىپتۇ ئەمدى مەن قانداق ئېتەي،
ھەمرايىمنى ئامان قىلغىن خۇدايىم،
گۈل باشىدىن ئاق پاخلاننى ئەگىتەي①.

بارسام يەنە قايتارمەن يولۇم بىلەن،
چاي بېرەمسەن مۇبارەك قولۇڭ بىلەن.
مەن ئاڭلاسام ھەمرايىم ئاغرىپ قاپتۇ،
ئىلە قىلاي ئىشلىگەن پۇلۇم بىلەن.

كەلدىم سىزگە يىراقتىن كارۋان بولۇپ،
سىزنى سۆيۈش مەن ئۈچۈن ئارمان بولۇپ.
قىزىلگۈلۈم، دوسۇ-دۈشمەن ئىچىدە،
ئۆتەلەمسىز دەردىمگە دەرمان بولۇپ.

---

① ئەگىتەي — بۇ يەردە سەدىقە قىلىپ ئۆرۈي مەنىسىدە.

باسالمايدۇ ھېچ كىشى خۇمارىمنى،
ئېسىۋالاي غۇنچە گۈل تۇمارىمنى.
قانچە ـ قانچە مەلەڭگە باراي دەيمەن،
لېكىن يارىم بىلمەيمەن خىيالىڭنى.

گەپ تۇشۇيدۇ ئارادا دۇشمەن بولۇپ،
تولا گەپتىن كەتتى ئىچىم دەرتكە تولۇپ.
بۇگۈن ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
چىراق يېقىپ قارادىم ئورە تۇرۇپ.

قىزىلگۈلۈم، ئونچە قاپتۇ خاماندا،
كېلۈرمىز دەپ سەپەر سالدۇق ئارماندا.
بۇ ئالەمدە داۋا يوقمۇ كويۇككە،
داۋاسىنى سەن قىلارسەن بارغاندا.

شۇ كۈنلەردە هايداغانىم هاراۋا،
كېلەدۇ دەپ بىزنى يولغا قاراما.
ئەينەك بولسۇن مەختۇمسۇلا كۈنلىرى.
بىز بارغىچە باش ـ كوزۇڭنى تاراما.

☆ ☆

ھەجەپ تاتلىق نوچە ئوينىڭ پۇراغى،
بەكمۇ يامان ئاناسىنىڭ سوراغى.
ئاڭلا ۋاپىتۇ كۆسۈرلىغان گەپىنىمۇ،
ئۇزۇن ئىكەن كۈنچەسىنىڭ قۇلاغى.

ئەلچى قىيىپ ئاڭلامادىم گەپىنى،
مۇڭداشاي دەپ تاپالمادىم ئەپىنى.
خىيالىدا نىمە باردۇر يارىمنىڭ
شۇ كەمگىچە بىلەلمەدىم سەرىنى.①

كېچە سالغىن كوزۇمدىن ئاققان ياشقا،
تارتماسۇنلەر كويۇكنى مەندىن باشقا.
ئوزەڭ ياققان ئوتنى ئوزەڭ ئوچەرگىن،
ئۇچراپتىمەن سىنىڭدەك باغرى تاشقا.

ماقۇل دىسەڭ ساتىپ ئالاي بايىڭغا②
ئارا يىراق بارالمادىم جايىڭغا.
كويۇگۇڭدە كاۋاپ بولدى يۈرەگىم،
ئولۇپ كەتمەي ئارا تۇرغىن جانىمغا.

سەن قايەردە نامغا ئوسكەن قىياغىم،
ئايرىلغانغا چىدامايدۇ يۈرەگىم.
ئاللا ئىگەم جەننەت قىلسۇن جايىڭنى،
سايە بولۇڭ زىلۋا بويلۇق تېرەگىم.

ئالتىنچى ئايدا ياز بولۇپ
تۇتقان يارىم ئوچۇپ كەتتى غاز بولۇپ.

---

①سەرىنى — سىرىنى.
②بايىڭ — باھايىڭ.

ماڭا ناسان① قىلماڭلار تۇققانلىرىم،
كېتەددىمەن② كارۋانلارغا باش بولۇپ.

☆ ☆

ئېقىپ كەلدى باش مەلىنىڭ③تارىمى،
ئاڭلاپ تۇردۇم كوڭلىڭىزنىڭ يېرىدىمى.
ئوناپ ياتسام④چۇشۇمگىمۇ كىرمەيسەن،
بىر مەلىدە يالغۇز ئۇينىڭ غېرىۋى.

ئارغىماغى ئازىنايدۇ⑤ئىشىكتە
تۇرغىيىمىنىڭ نەرى كەم دىمەتلىكتە.
جېنىم ئايلام، ئاستا ئولتۇرۇپ خىيال قىل،
نەزمى سالدىم چىددىماي ئېجىلىمگە⑥

☆ ☆

ئاق جۇۋانىڭ نېپى تېگىدۇ ئەلگە
ياغلىقلىرى قۇۋۋەت قىلىدۇ بەلگە.

---

① ناسان — نەسىھەت
② كېتەددىمەن — كېتىمەن (كەلگۇسى زامان پېيلى)
③ باش مەلە — تىكەنلىكتە بىر مەھەللىنىڭ نامى.
④ ئوناپ ياتسام — ئويلاپ ياتسام.
⑤ ئازىنايدۇ — كىشنەيدۇ.
⑥ ئېجىل — يار.



AltunOq

جان ئاغىنەم، بارساڭلار سالام دەڭلار،
غېرىپلىقتا سويگىنىم قىزىلگۇلگە.

باققان مېلىم تاراپ كەتتى مەرىشىپ،
بىر يىل بولدى ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ.
بولسا ئىدى قولۇمدا مېنىڭ پۇلۇم،
ئالار ئىدىم ئاناڭ بىلەن كېڭىشىپ.

☆ ☆

باراي دىسەم بارالمىدىم قېشىڭغا،
سىزنى ئوناپ كوزدىن ئاققان يېشىمغا.
قىزىلگۇلۇم، دەردىڭدە ئولۇپ كەتسەم
يىغلارسەنمۇ يارىم مېنىڭ بېشىمغا.

☆ ☆

ئىگىن كەيسەڭ تال بويۇڭغا يارىشىپ
پۇلى بار ئېلىپ كەتتى تالىشىپ.
قىزىلگۇلۇم سەن ئاڭا سەپەر قىلدىڭ،
بىز ئامالسىز يىغلاپ قالدۇق قارىشىپ.

خۇدا نېسىپ قىلمىغان زىھىنلىككە،
مەندىن ياخشى سىنىڭ يارىڭ مەلىكە.
خىيال قىلساڭ يارىڭ ئوتلىرى يامان،
ئايرىلساڭمۇ سويەپ قوياي بىرى كەل.

☆ ☆

خوشامەتنى ئۆچۈردۈك ئاغىز يەلدە،
دەردىڭىزدە كەيگەن ئىگىنىم جەندە.
بىرى كەلگىن ئىچىلىم مۆڭدىشايلى،
چىقالمىدىم دۈشمەنگە بولدۇم بەندە.

☆ ☆

كېتەدىمەن ئەسكى تارىم① ياقىلاپ،
يۈرۈيدىمەن مەن دەردىمنى ئاغالاپ②.
خوتۇن ئالماي بوي يۈرۈپ ئولۇپ كەتسەم،
سىزگە ئوخشاش بىر خېنىمنى تالاپ.

☆ ☆

كەتمەن چېپىپ ئاغرىپ مېنىڭ قوللىرىم،
ئوناپ ياتسام يېشىلىدۇ بويلىرىم.
بىر بېرىپ جامالىڭنى كورەي دىسەم،
قىزىلگۇلۇم يېراق كېلىپ يوللىرىڭ.

☆ ☆

مۇندىن كېتىپ ياخشى ئادەمنى تاپقايمۇ،
تەركىن ئەيلەپ③مېنى تاشلاۋاتقايمۇ؟

① ئەسكى تارىم — تارىم دەرياسىنىڭ كونا ئېقىمنى.
② ئاغالاپ — بۇ يەردە پەس قىلىپ، بېسىپ، بەزلەپ مەنىسىدە،
③ تەركىن ئەيلەپ — تەرك قىلىپ.

خىيال قىلسام يارنىڭ ئوتلىرى يامان.
خىزمەت قىلىپ ئىشقىدە ياتايمۇ؟

☆ ☆

مەن مۇرۇنلۇق* باشقىغا گەپ قىلمايمەن،
مۇندىن بارسام ئىككى ئايغىچە كەلمەيمەن.
قىزدىلگۈلۈم جامالىڭنى كورمىسەم،
ئولۇپ كەتسەم مەن بىيىشكە كىرمەيمەن.

☆ ☆

نىمە ئۈچۈن ئىچىدىلمايدۇ چىرايىڭ،
قىزدىلگۈلۈم كىمدە ئىكىن خىيالىڭ؟
ئىككى كۆنلۈك ئالەمدە بىللە يۈرۈپ،
ئايرىلاردا خوش ئەمىسە دىمىدىڭ.

ئوينىاپ بېرىپ چىقىۋالدىم تىپىەككە،
مۇزنى تېشىپ ياتادىمەن يۈيەككە.
قىزدىلگۈلۈم خاتىرىڭنى جەمى قىل،
ئوينىمايمەن يارىم سەندىن بولەككە.

سالقىن تېگىپ ئۈيۈمنىڭ تۈياغىغا،
شامال كېلىپ سوغ تەگدى قۇلاغىغا.

* مۇرۇنلۇق ـــ باغلانغان، ۋەدە قىلغان.

ئاكا ماڭا بىر يوغماق توقى①بەرگەن،
قويۇۋېتەي يارىمنىڭ سۇلاغىغا②.

ساتقانغا يېرىم بولۇپ مېنىڭ كوڭلۇم،
يارىشىپتۇ يېڭىدىن تۇتقان ئويۇڭ.
بىزدەكلەرنى نەزىرىڭگە ئىلمىدىڭ،
توپېڭىزگە يار تۇتقاننى ئەمدى كورۇڭ.

توخۇ چىللاپ تاڭ نىمىشقا ئاتمىغان،
چۇشكە كىلىپ ئۇركەنىمە پاتمىغان.
مۇندىن كىيىن شەيتانغا ئىشەنمەڭلار،
تاشا يۇرتلۇق جانغا ئەسى قاتمىغان③.

يېتەمسەن مېنىڭ تارتقان دەردىمگە،
مەن پاتمىدىم ئىككى كۇنلۇك ئالەمگە.
هوشنەمگە خۇرجۇن ئارتىپ ساپا تۇتۇپ،
دىۋانىدەك كىرىپ كەلدىم مەلەڭگە.

قاراپ ماڭدۇق تاغ سايان④،
پاتقۇزمايدۇ ئارىدا دۇشمەن يامان
ئىككى يانغا قارىسام يۇلغۇن، قومۇش،
قارا كوزۇم تەلمۇرىدۇ يار سايان.

① توقى — ئاقلانغان چىگە.
② سۇلاق — مال سۇغىرىدىغان جاي
③ ئەسى قاتمىغان — ئەسقاتمىغان.
④ تاغ سايان — تاغ سىرى، تاغ تەرەپكە.

كىچىكىدىن ئېتىم چىققان يارىم سەن،
سەھەردە چىققان ئۈنۈمنى تونارسەن.
باشقا يۇرتقا بىز ئەمدى بارار بولدۇق،
بىز پاتمىغان ئوز شەھرىڭدە قالۇرسەن.

يۇرۇيدىمەن ئىنچىكەدىكى* دوڭلۇكتە،
نەدە باردۇر كوڭلۇمدىكى مەلىكە.
مەلىكەنىڭ كويۇگى تەنگە چۇشتى،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمىكىن ئىشىكتە.

بۇلبۇل بولۇپ سايراپ شاخىڭغا قوناي،
مەنمۇ يېنىپ قەلەمقاش بىلەن ئويناي،
قەلەم قېشىم ئەقلى كىچىك نادانمۇ؟
بىز ئوينايلى ئارىدا ئادەم قويماي.

باي بولمايدۇ رىيازەت چەكمىگۈنچە،
ئوي بولمايدۇ ئىمارەت ئەتمىگۈنچە.
ئايرىلماسقا ۋەدە قىلىپ ئوينايلى،
شۇ دۇنيادىن ئومرىمىز ئوتمىگۈنچە.

☆ ☆

خۇدا بۇرسا باي بولۇپ مال ساتارمىز،
ئارا تاپساق بىللە ئويدە ياتارمىز.
قىزىلگۈلۈم بېشىمىزغا كۈن چۇشسە،
تىل تۇرغىيىم ئىككىمىز تەڭ تارتارمىز.

---

* ئىنچىكە — يەر ئىسمى.

☆ ☆

مەلىكەمگە ئات مىندۈرۈپ تون كيىدۈرسەم،
خىيالىمدا كۈندە يۈز مىڭ كۈلدۈرسەم،
ئەنتىم بولسا قىيامەتتە ئالۈرمەن،
قىزىلگۈلۈم بولەك كىشى سويدۈرسەڭ.

قوتۇنداقى ماراپ تۇرغان كالاسى،
زورا دىگەن مەن جانىمنى ئايلاسى،
ئوتۇغۇڭدا يۈرگەنگە خار كورموگۈن،
ئانام بولۇك مەن چارۇقتۇ بالاسى.

كوڭلوگۈڭگۈ توزۇنۇ يومۇدۇڭمۇ؟
بىر ئىل بولۇپ قارامنى كورمۇدۇڭمۇ؟
كورگۈن ئەللە قارا تۇبۇچەك دەيدۇ،
ئوتقۇ سالغان چىچىلا بىلمەدىڭمۇ؟

مەلىكەمگە ئات مىندۈرۈپ تون كەيدۈرسەم،
خىيالىمدا كۈندە يۈز مىڭ كۈلدۈرسەم.
ئەنتىم بولسا قىيامەتتە ئالۈرمەن،
قىزىلگۈلۈم بولۇك كىشى سويدۈرسەڭ.

قىزىلگۈلۈم سويدۈرمەسەڭ بولۇككى،
ئوتقا سالىپ كاۋاۋەتتى يۈرەككى.
قەپەز ئەتىپ باقسا ئادەم بولادۇ،
ئوزگۈرگۈتۈپ كۈندۈر سوغور غونەككى.

قىزىلگۈلۈم سويدۇرمىسەڭ بولەكنى،
ئوتقا سىلىپ كاۋاپ ئەتتىڭ يۈرەكنى.
قەپەز ئېتىپ باقسا ئادەم بولىدۇ،
ئوزگە ئۆگىتىپ كوندۇرسە كوكىنەكنى.

مەرت يىگىتنى تاپسا كىشى ئوينويدۇ،
مەيلى ۋولسا بىرگە لېۋەن توختويدۇ.
ئوزى كىچىك بىر ياخشىنى كۆلدۈرگەن،
خېنىم ھېجەپ ھورلۇقاغا ئوخشويدۇ.

مەن يىغلاسام ئاھىم خۇداغا يەتمەس،
قىزىلگۈلۈم سەن مېنى ئادەمەتمەي.
بورادىرىم ئالەم شۇنىداغ ئوتەمۇ،
ئولگۈچەمدە كوڭۈل سېنىڭدىن كەتمەي.

ئىراس بولسۇ قۇرۇغ ئوجەت قويۇڭلا،
گۇنا قويۇپ تۇرغۇيۇمىز ئۇرۇڭلا.
قاشىڭڭا بىر كۇندە مىڭ ۋارغۇم بار،
يامان يولۋوز ياتىۋالدى يولۇمدا.

يامان يولۋوز ياتىۋالدى يولۇمدا،
جاڭگەلدە چىدامايمەن تۇرغۇيۇمغا.
يالغاڭڭا قۇرۇغ ئوجەت قويۇشۇپ،
سەپرايىم ئورلەپ چىقتى بويۇمغا.

ئورلەپ چىقتى بويۇمغا سەپرا بولۇپ،
باققان قويۇم جاڭگەلدە ھەمرا بولۇپ.

ئاشىق ئوينۇش بىز زىنلا قالغان ئەمەس،
ئوينۇساق ئارادا ئادەم قويۇپ.

ئادەم قويۇپ ئوينۇۋالساق ئارادا،
مەن قالدىم ئەمدى قۇرۇق تاۋادا.
ۋاي تورغويۇم بوشۇكتە بالاڭ بارمۇ؟
نە ئۇچۇنكى چىقالمايسەن تالاغا.

چىقالمايسەن گۇمانىڭ يوق ئىشىكتە،
ئوزۇڭ بىلەن ھەمرا قىلغان يىگىتتەر.
خەقتەگ ئىتىپ بوزۇۋلۇپ ئوينوي دىسەڭ،
ۋاي تورغۇيۇم قالماي ماڭ دىمەتتىكتە.

توۋورۇك دەپ سىنى جاندىن ئىزدىز كورسەم
دۇشمەنلەر ماراپ مىنى يولدا ياتسا.
ۋاي تورغويۇم ئاڭكا ھارسىنماغىن
ناھىيىتى تۇرۇپ بىرۇرمەن ئاسسا.

مىنى ئىچىمى خۇن قىلغان كوزۇ خۇما،
ئىشىككىكى ئالدىدا ماجان تۇرا.
مەن ئاڭلاسام شۇنۇڭ ۋىلەن ئوينويسەن،
خۇداي تالا كوزۇڭكۇ كورمەس قىلا.

دىگەن گىپى ماڭىلا ئازار بولۇپ،
يۇرۇيدىمەن ماللەردە خار بولۇپ.
كىچىلەردە ھەر يەرنى كىرىپ بارسام،
چىقمادىڭ سەن ماڭا بىر دەم يار بولۇپ.

جانىم ئايلا مېنى دۇشماڭڭا چاقىپ،
دەردىڭىززە باغرىممى نامغا ياقىپ.
باشتىن كەلگەن بايۋەچچىلەر كورمەپتۇ،
كېتەدىمەن شەمۇ شەرىززى ۋاقىپ.

ئوتۇك تۇشتۇ ئىچىمداقى كويۇككە،
ۋاي قۇرغويۇم كەلمەدىك ھىچ قاشىمغا.
جانىم ئاكام دۇگايىڭدا يات قىلغىن،
ئولۇپ كەسسەم يىغلايمۇسەن باشىمغا.

خىيال قىلىپ تۇگۇمەيدۇ خىيالىم،
سىززىدىك ئۇچۇن ساغارىپتۇ چىرايىم.
ناماششامدا سوراققا ئالىپ تورادۇ،
كېچەلەرى كوپ بەلەك تۇتقان يارىم.

ئىچىمىزنى كويدۇرگەن قەلەم قاشى،
ئاي يۇزىگە ياراشقان سۇمبۇل ساچى.
بىر چۇمۇچتە بىر مەلەنى تويغۇزغان،
قولى تاتلىق يارىمنىڭ ئەتكەن ئاشى.

2

سۇزۇك بۇلاق چىرايىڭ،
ئوخشايدۇ ھورلىقاغا.
تاك ئاتقىچە قارايمەن،
هاۋادا تۇلۇن ئايغا.

ئۈچ كۈن بولدى ناشتىسىز،
تاۋدىم كەلمەي غىزاغا.

يارنى كوڭلى قالغانمۇ،
يازدىن يۈرگەن يېرىدە.
كېچە-كۈندۈز يىغلايمەن،
ئىشقى-پىراق دەردىدە.
قانداق دەرەخ ياشنايدۇ،
قىرىق يىل سۇ تەكتىدە.

دەرەخ قانداق كوكلەيدۇ،
سۇنى تەكتىدە ياتىپ.
كوزۇم تويسا تويغاندۇ،
ئۇتمەدى باغرىم قانىپ.
چىلانى ئۇن يەتتىسى،
-كەتتىم جايىمغا يانىپ.

ئۇن توت كۈنلۈك ئالەمدە
بىر كورمەدىم هالاۋەت.
ئاجىز بەندەڭ گۇناھكار،
قادىر ئىگەم ئاسان ئەت.
تۇۋە قىلغىن ياش باللا،
بۇ جان بىرگە ئامانەت.

كېچە-كۈندۈز تىلەيمەن،
يارىم بولسۇن سالامەت.

Altunoq

چولگە كەتسۇن، خۇدايىم،
يارغا كەلگەن بالامەت*
كەلمەي قالسام ناۋادا،
خۇدايىمغا ئامانەت.

شايى ئەتلەس بويۇڭدا،
ئالتۇن سەدەپ بوينۇڭدا.
كىلەر قەرەلىڭ ئۆتتى،
قاراپ قالدىم يولۇڭغا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمانىم،
بىر ياتمادىم قوينۇڭدا.

ئاغىز تەگسەم بولامدۇ،
شىرىن ئەتكەن ئاشىڭغا.
سەكسەن يىگىت كەينىڭدە،
ئۇسما قويۇپ قاشىڭغا.
سەن مەنى ياراتمايسەن.
يولاتمايسەن قاشىڭغا.

مەن دەردىمنى ئايتىمەن،
قۇلاق سالغىن سوزۇمگە.
دۇشمەن تىلى تەگمەسۇن،
قاشىڭ بىلەن كوزۇڭگە.
سىياقىڭنى ئوخشاتتىم،
بەيىشتىكى بىر گۈلگە.

* بالامەت ــ مالامەت

بىر ئادەمنى ئەۋەتتىم،
قەغەز بىلەن قەلەمگە.
ئىچىڭلار ئاغرىمامدۇ،
ماڭا چۇشكەن ئەلەمگە.
كويۇكنى خۇدا سالغان،
غېرىپ بىلەن سەنەمگە.

قېشىمدا ئېتىم بولسا،
بارار ئىدىم مەلەڭگە.
ئەمدى قاچان تۇرارسەن،
قىزىلگۇلۇم، لەۋزىڭگە.
خوش دىمەي يۇرۇپ كەتتى،
يار ئوينايلى دىگەنگە.

ئۇچ يىل بولدى كورمەدىم،
ئوزگىگە كوڭۇل بولمەدىم.
مەيلىڭ يوقمۇ كۇلمەيسەن
تۇزۇك ئويناپ تۇزمەدىم.
سەندەك ياخشى تاپالماي،
ئايرىلغانغا ئولمەدىم.

گەپىڭ قاتتىق تىگەدۇ،
يۇزىمىڭ دەشنام تاياقتىن.
بىزنىڭ يارلار بەك نازۇك،
باغدا ئوسكەن قىياقتىن.
ياقىن كەلسە بىر بالا،
كويۇشىمىز يىراقتىن.

يار يىراققا كەتكۈدەك،
كېلەرنى بىلمەيمەن.
مەيلى كەلسۇن - كەلمەسۇن،
يارغا ئاق يول تىلەيمەن.
قىزىلگۈلۈم، خالىساڭ،
بارىپ يوقلاپ كېلەي مەن.

كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ،
يۈرۈيدىمەن تىلەكتە.
ئىچىمنى يارىپ كورۈڭ،
ساق يەر بارمۇ يۈرەكتە.
يارىم سىزنى دىمەسەم،
نىمە باردۇ كۈزلەكتە*

كوزۇمدىن ئاققان ياشىم،
چۇشۇپ كەتتى تارىمغا.
ئاغرىمايمەن ھىچقاچان،
مەن ئۇلاشسام يارىمغا.
جانىم كەتسە رازىمەن،
سەندەك ۋاپادارىمغا.

ئايىم سۇلۇ بىر سۇزۇك،
تانىمايدىكەن سوزىدىن.
ئىچىدەكى گەپىنى،
بىلىپ بولدۇم كوزىدىن.

*كۈزلەك — جاي ئىسمى.

كىشى سۆزى يالغاندۇ،
ئاڭلاپ كېلەي ئۆزىدىن.

كاككۇك بىلەن زەينەپتەك،
ئارا يىراق قېتىلماي،
بىر يىل بولدى يول ماڭدىم،
يانىڭىزغا يېتالماي.
ئارامىزدا سىم تانا،
ئۈمىت ئۈزۈپ كېتالماي.

ماڭىپمۇ يېتالمادىم،
ئاقىپ تۇرغان تارىمغا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
باغرى قاتتىق يارىمغا.
كېلىپ يەتسە بولمامدۇ،
مېنىڭ دەردۇ-هالىمغا.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
دەريا ياقاسى توڭلاپ.
يۈرەگىمگە ئوت كەتتى،
يارىم كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ.
كىشىگە گەپ قىلمادىم،
يارغا ۋەدەمنى ساقلاپ.

ئەتىگەن چىقتى شامال،
كۆن پاتقانچە توختىماي.

ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ يارىم،
بىرەر ۋاقلىق يوقلاماي.
شۇ مەلىنىڭ ئىچىدە،
ساڭا كىمنى ئوخشىتاي.

سانسام بىر كەم ئوتتۇز،
بۇ قامۇشنىڭ ئۈيەسى.
ھەممە يەرگە يايىلغان،
بوز يىگىتنىڭ سايەسى.
قاراسام كوزۇم يەتمەس،
يىراق دەيدۇ مەلەسى.

سىنىڭ ئوينىغان يارىڭ
قاشى قارا مەلىكە.
چابدۇنۇپسەن كىتىشكە،
سويۇپ قوياي بىرى كە.
يولدا ئاپتاپ تەگمەسۇن،
كىيىۋالغىن چىلىتكە.

ئوت كويەدۇ ئىچىمدە،
دەرتنى ئوزەم بىلەرمەن.
كوزۇمدىن ئاققان ياشقا،
كىمە سىلىپ ئوتەرمەن.
مەندىن ئوتسە سەۋەنلىك،
ئوز ئۇستۇمگە ئالۇرمەن.


Altunoq

ھارۋانى ھايداپ ماڭدىم،
تارىمدىكى خامانغا.
گەپ قىلماساڭ بولمامدۇ،
ماڭا ئوخشاش يامانغا.
دوست ۋە دۈشمەن ئىچىدە،
ئايلاندىم مەن ساراڭغا.

قاشىڭنىڭ قاراسىنى،
نەمگە تارتىپ ئۈندۈرەي.
بىر دەم ئولتۇر يانىمدا،
مەن كوزۇمگە سىڭدۈرەي.
دوستۇمدىن تولا يىتىم*،
قانداق ئاچىلىپ كۈلەي.

كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن،
يارىم سېنىڭ دەردىڭدە.
قايرىلىپ قارامايسەن،
ئىنساپ يوقمۇ سېنىڭدە.
- ئويلاسام ئۈچ يىل بوپتۇ،
تاقەت يوقتۇر مېنىڭدە.

ئوخشار يەتتە ئاشىققا،
ئىككىمىزنىڭ يۈرۈكىشى.
قوشتۇرمىسا دۈشمەنلەر،
قانداق چىدايدۇ كىشى.

*يىتىم — يات، دۈشمەن.

شۇنداقمىدۇ ئەزەلدىن،
تەقدىردە پۈتۈلشى.

قاغۇننى تىلىپ قويدۇم،
ئۇزەڭ يىمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
لام - جىم دىمەي تۇرامسەن؟
ئىچىمگە چۈشتى كويۇك،
سۇلۇ ئايىم بىلەمسەن؟

چىرايىڭغا قاراسام،
تۇرالمايمەن ئورنۇمدا.
يالتىرايدۇ مارجانلار،
كوز - كوز قىلىپ بوينۇڭدا.
بىلەيزۇكمۇ، كويزامۇ،
تۇرغان سىنىڭ قولۇڭدا.

ياش دىمەتلىك ئىچىدە،
بىزگە بولدى بالامەت.
شۇنچىلارنىڭ ئىچىدە،
خىنىمغا كەلدى ئامەت.
تاقەت قىلىپ تۇرايلى،
بىزگىمۇ كىلۇر نوۋەت.

تەشنا بولماڭ ئەي خانىم،
گۇپاسى يوق ئاشناغا.

يار مېنى بەلگىلەپتۇ،
كۆل قوتاندا① چاشماغا②.
ساڭا مولەپ قويماپتۇ،
مەنمۇ ئۇيناي باشقاغا.

بىلگەن بولسام هار كورمەي،
باراركەنمەن تويۇڭغا.
تىل تۇمار ئاسىۋاپسەن،
سۆلۈ ئايىم بوينۇڭغا.
ئاخشام ياتسام چۈشۈمدە،
گۈل تۇرغايىم قوينۇمدا.

كەتتى ـ كەلدى ئۇينادى،
سالدى ماڭا هەسرەتنى.
ئاردا ئەلچى قويۇپ،
ئەۋەتىپتۇ ئەمەتنى.
مەن خۇداغا نىم قىلغان،
بىزگە ساپتۇ بۇ دەرتنى.

خۇدايىم يەتكۈزەرمۇ،
مەن يىغلاسام تىلەككە.
ئوزەمنى باشقا ئىكەن،
ئوت سالىدۇ يۈرەككە.

---

① كۆل قوتان ـ جاي ئىسمى.

② چاشما ــ ئوز ئورنىغىلا ياتقۇزۇلىدىغان ئوت ـ چوپ ئورمىسى.

خۇدايىم ياراتىپتۇ،
ھەر بىر كولگە ئىلەككە①.

ھاۋاغا بۇلۇت ئورلەپ،
قاچان يامغۇر ياغادۇ.
ياردىن بولگۇ② ئالىپ كەل،
يۇرەگىمگە داۋادۇ.
ئوز دەمەتلىك ئىچىدە،
قىزىلگۇلدەك ئوينايلۇ.

ماڭسامۇ تۇگۇمەيدۇ،
يارنىڭ يولى بەك ئۇزۇن.
يولۇمىزدا تاغ بولدۇ،
چارادىكى باي تۇرسۇن.
تۇرسۇن باينىڭ ئاغچاسى،
مەن ئاڭلاسام قۇش بۇرۇن.

قارامتۇرلۇق قىلدىلا،
ھەممەلەسى بىر تاغلىق.
كويەك ئوتۇ دەردىنى
بىلمەمدىكەن چارالىق.
يولسا بارساڭ بىللىچە،
ئايرىلمايلى ھەمرالىق.

① ئىلەك — بىر كول بىلەن يەنە بىر كول ئارىسىدىكى ئېقىن، دەريا.
② بولگۇ — بەلگە.

ئىشىكنى ئېچىپ قويدۇم،
شامال كىرسۇن بۇلۇڭغا.
ئېچىمدىكى دەردىمنى،
سولاپ كەلدىم تۇلۇمغا.
سىنىڭدەك قىزىلگۈلنى،
ئېلىۋالسام قولۇمغا.

ھاۋادىكى بوز لاچىن،
غۇجگىنەك بىلەن دوست ئىكەن
ئۇزەڭگە ئاگاھ بولغۇن،
ئىككى دۇشمەن قەست ئىكەن.
ئۇنىڭ بىرى ئالى توك،
بىرى كوسا، نەس ئىكەن.

خەقلەر ئويناسام دەيدۇ،
بىر مېنى جۇرۇم بىلەن.
مېنى بىلەن كارى يوق،
باللار ئويۇن بىلەن.
جاڭگالدا غېرىپ بولۇپ،
يۇرۇيمەن قويۇم بىلەن.

تىل تورغويۇم كەلگۈدەك،
يوللۇرۇنۇ سۇپۇرەي.
يارنى يۇمشاق بويۇغا،
چار يىلاندەك يورگۈلەي.
قەست قىلادۇ بۇ ئەللەر،
دۇشمەنلەرىم كورمەگەي.

AltunOq

تىل تورغويۇم بەدەنىڭ
بىر كېلەتتى قۇچاقفا.
ساچىم كەلدى مۇرەمگە،
رۇخسەت قىلماي قۇچاقفا.
تېرە، ئۇستىخان قالدى،
ئۇنۇڭ كىرگەچ قۇلاقفا.

ئىچىڭ بەكمۇ تار ئىكەن،
دەرياسىكىن دەپتەمەن.
ئۇزۇن - ئۇزۇن يول باسىپ،
بىر سېنى دەپ كەپتەمەن.
هاۋارەڭ تونۇ كەيىپ،
ئۇچۇپسەن بىلمەپتەمەن.

ئۇچساڭ ئۇچۇۋەر يارىم،
قاناتلارىڭ تالماسۇن.
ئوينىاۋالغىن ئازادە،
ئارمانلارىڭ قالماسۇن.
دەرتنى تارتسام مەن تارتاي،
يارىم دەرتنى تارتماسۇن.

قىزىلگۈلۈم دەردىڭدە
چىلاپ ئىچەي زەھەرنى.
ئىزلەپقۇ تاپالمادىم،
يارىم سەندەك گوھەرنى.
كېچەسى ئۇيقۇم كەلمەي،
كويدۇرەدۇ جىگەرنى.

يۈرۈگۈمگە ئوت سالغان،
شىرىن سوزلۈك قەلەمقاش.
گەپ قىلسام كۈلمەيدىكەن،
مەڭزى قىزىل، باغرى تاش.
كۈلسەم زايا دىدىگمۇ،
شۇنداق قىلامدۇ ئويناش.

مەن قەرەلىمنى قويدۇم،
بەشىنچى كۈنگە كەچكە.
سىنى ئۇستا دەيدۇلا،
شەيتانغا دەرس بىرىشكە.
يۈزۈڭ قانداق چىدادى،
مىنى تاشلاپ كىتىشكە.

يىڭىسۇغا* كىتىپسەن،
ئەگەشىپ چولاق قاشنى.
گوھەر ئوخشاش قوينۇڭغا،
سولاپ ياتىپسەن تاشنى.
ئامان بولسام كورەرمەن،
كوزۈڭدىن ئاققان ياشنى.

مەيلى كەتسەڭ كىتىۋەر،
ماڭاما يار تاپىلار.
يالغۇز قالماس ئاسماندا،
ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلار.

---

* يىڭىسۇ — جاي ئىسمى.

ئاقسۇپىدا① چەندانچە②
سەندەك خانىم - ئاغچىلار.

ئارتۇقمىكەن مېنىڭدىن،
باينى ئوغلى مۇتەل تاز.
دوستلار ئاتامغا دەڭلار،
ئاتىمنى قويسۇن قوتاز.
كورۇنۇپتۇ ئۇ قاردەك،
ئالماخانغا ئودەك، غاز.

ئالماخان دىگەن خاتۇن،
بوزەك ئەتمەگىن مەنى.
كېلىپ يۇرسەم مەلەڭگە،
يەپ كېتەرمەنمۇ سەنى.
تاشا يۇرتلۇق ئىكەن دەپ
تاشلاۋەتمەگىن مەنى.

مۇساپىر كورمە مەنى،
مەنما يۇرۇي مەلەڭدە.
هەر ئادەم كۇن ئالپىتۇ،
ئالما خانىم سايەڭدە.
كويۇك دەردى يامانكەن،
ئويناۋالاي ئايەمدە.

① ئاقسۇپا ــ جاي ئىسمى.
② چەندان ــ نۇرغۇن، كوپ.

ئۇينا سەنما مەيلىڭچە،
ياخشى ئادەمنى تاپىپ.
قۇچاغىڭغا سولاۋال،
كورەك جۇۋاڭنى يايىپ.
بۇگۈن ئۇيناغانىڭدىن
ئەتە كەتمەگىن تانىپ.

ئالتىنچى ئاي تامۇزدا
سۇدا يۈرگەن بالىقتەك،
ئۇز توپىدىن ئايرالىپ،
يالغۇز يۈرگەن ئايىقتەك؛
ئارامىزدا يۈرۈيدۇ،
چىپار تونلۇق ئايىتەك.

سالىپ بەردىم قىياق ئوت،
هويلا داكى ئۇلاققا.
يارنى سۇغا چىقار دەپ،
ئارقا داقى بۇلاققا.
ساقلاسام يار چىقمادى،
تاقۇ چىقتى قونداققا.

ناماششام ۋاقتى بولۇپ،
تاقۇ چىقتى قونداققا.
نىمە بالا بولغاندۇ،
كوڭلۇم خوشى ئامراققا.
مەندە بولسا خىيالى،
چىقار ئىدى بۇچاققا.

تاقۇ دىگەن بەك سەگەك،
تاڭ سەھەردە سايرايدۇ.
يارنىڭ كوڭلىدە كىم بار،
ئارقا يولغا قارايدۇ.
بىشاپالىق قىلساڭ يار،
ئەللەر سىنى قاغايدۇ.

يۇتۇن مەلە ئىچىدە
ياراتىپ سىنى تۇتتۇم.
كىيىندۇرۇپ تون ياپاي،
ئاسماندىكى بۇلۇتتۇن.
ئاكام كەلىپ ئەپكەتسۇن،
ئولۇكۈمنى بۇ يۇرتتۇن.
ئىچىلىمىدىن ئايرىلسام،
سىڭمەيدۇ يىگەن ئاشىم.
تا ئولگىچە ئويناپمەن،
تەنىمدە بولسا باشىم.
سىنى دەپ ئالا بولدى،
قاپقارا ساقال، ساچىم.

ئىسەنگە ساقلاپ قويدۇم،
قارا كورپە گىدەنى.
ئويدە باققان پاخلاندەك
يۇمشاق ئىكەن بەدەنى.
قۇلاغىمىدىن كەتمەيدۇ،
يارنىڭ شۇ كۇن دىگەنى.


AltunOq

ياراشىپتۇ قاشلارىڭ،
نامغا ئۇنگەن قىياقتەك.
قوتانىڭدا ئۇلتۇردۇم،
باغلاقتىكى ئوغلاقتەك.
ئويناپ جاننى ئالادۇ،
ئىككى كوزۇڭ بولاقتەك.

ئۈچ كۈن ياتتىم سولاقتا،
ھېچكىم ئەھۋال سورىماي،
بۇرنۇڭغا پۇراپ قالدىم،
باشتا ساسىق پۇرىماي.
سولاقتا ئۇلتۇرغانىم،
گۈل ئايىمغا چىدىماي.

گۈل ئايىم سېنى دەپ مەن،
يۇرتۇمدىن يانا كەلدىم.
بىر ئاغىز سوز قىلمايسەن،
نومۇس قىلامسەن مەندىن.
كوڭلۇڭ نازۇك ئەجەپمۇ،
ئوتسەڭچۇ گۇنايىمدىن.

ئۇلتۇرىسەن گۈل ئايىم،
قاش، كوزۇڭنى ئويناتىپ.
كويدۇرىسەن نىمانچە،
يۇرەكىمگە ئوت ياقىپ.
كوڭلۇڭ ئارام تاپارمۇ،
مەن غېرىبنى يىغلاتىپ.

غازاڭلار سارغايىپتۇ،
كۆز بولغانغا ئوخشايدۇ.
كوزۇمدىن ئاققان ياشىم،
ئەمدى قاچان توختايدۇ.
غېرىپلىغىمنى بىلىپ،
يارىم قاچان يوقلايدۇ.

ئاقسۇيا يايلاغىدا
تىزغا كېلىپتۇ قىياق.
خەت - خالتاڭىز كەلمەدى،
ئارامىز قانچە يىراق.
يىراقلىقىمۇ بىلىنمەس،
يۈرەكتە بولسا پىراق.

مەن غېرىپنىڭ هالىغا
يارىم قاچان يېتەرسەن؟
بەش - تۆت كۈن بەزلەپ قويۇپ،
ئاقسۇياڭغا كېتەرسەن.
غېرىپلىق ماڭا يەتتى،
كەتسەڭ قاچان كېلەرسەن.

چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ،
بەلنى مەھكەم باغلادىم.
سەن گۈلۈمنى كورەلمەي،
كېچە - كۈندۈز يىغلادىم.
گۈلۈم سىنىڭ ئىشقىڭدا،
يۈرەگىمنى داغلادىم.

ئۇنچۇ يوللادىم ساڭا،
قاداۋالغىن باشىڭغا.
ئەجەپ رەھىملىك كەلمەدى،
كوزدىن ئاققان ياشىمغا.
قاناتىم بولسا مىنىڭ،
بارار ئىدىم قاشىڭغا.

گۇل بوجۇدۇم يۇرەككە،
تىل تورغويۇم سوزۇڭدىن.
ساڭا بەرگەن كوڭلۇمنى،
كورگەنمىدىلىڭ كوزۇمدىن.
ئولۇپ كەتسەم ئوتۇڭدا،
رازى بولغىن توزۇڭدىن.

ئويناق كوزۇڭ ئوخشايدۇ،
قايناپ تۇرغان بۇلاققا.
ۋەدىلەشكەن گۇنامۇ،
ھەجەپ قالدۇق سوراققا.
تىل تورغويۇم چۇشتۇمغۇ،
تىرىك تۇرۇپ دوزاققا.

مەندىن ئاياپ دىمەپسەن،
ئاغزىڭدەكى يەلىڭنى.
باغرىم ئەسلا قانمايدۇ،
يەۋالساما لەۋىڭنى.
كوڭۇل بولمە باشقىغا،
تاشلاپ مەندەك خىلىڭنى.

غېرىپ بولۇپ يۇرگەندە
كىم سورايدۇ ھالىمنى.
تىل تورغويۇم سەن ئۇچۇن
پىلاپ① قويدۇم جانىمنى.
ئولسەممۇ ئۇنتۇمايمەن،
قارا كوز مۇلايىمنى.

خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
يارىم بولسۇن سالامەت.
تىل تورغويۇم جانىمنى،
ساڭا قويدۇم ئامەت.
سەنسىز ئوتكەن كۇنلەرىم،
ماڭا دوزاخ، قىيامەت.

سەۋەتكە سالسا توختار،
كوزدىن ئاققان ياشىمىز.
ئاخىر غىچە ئويناپلۇ،
تەڭ ئاقارسۇن باشىمىز.
دەمەتلىك ئاراسىدا،
ئىتمەيدىكەن② ئاتىمىز.

يارىم سىنى دەردىڭدە،
كوزۇمدىن ئۇيقۇم كوچەر.

① پىلاپ قويدۇم — تىكىپ قويدۇم.
② ئىتمەيدۇ — يۇتمەيدۇ، ئوچمەيدۇ.

بىر ۋاقلىق مۇڭداشالى،
كوڭلۇم شۇندا سويۇنەر.
يالغۇز دەرەخ ياشناسا،
سايەسى چولگە چۈشەر.

چولگە چۈشەر سايەسى،
ئىزلەپ كەلدىم ئاڭلاشىپ.
بۇ دەرت ئادا بولغۇچە،
ئولتۇرالى قاراشىپ.
دەرتمەن بولساڭ بىرى كەل،
دەرت توكەلى مۇڭداشىپ.

قارا ئاتنى ئالدىم مەن،
تويلۇغۇڭغا سالغالى.
كەلدىم يىراق چارادىن،
ئوزقولۇمغا ئالغالى.
تىل تورغويۇم يارىمنى،
يۇرۇگۇمگە تاڭغالى.

تىل تورغايىم يىقىن كەل،
ئولتۇرۇپ مۇڭدۇشالى،
يەلپۈنەدۇ قىياقتەك،
ماڭلايلىق ساچىڭ تالى.
كورۇپ قالماسۇن بىرنى،
قۇش بۇرۇن بەگىڭ سالى.

ئىشىگىڭنىڭ ئالدىدا،
ئېرىمەپتۇ تېخى قار.

ئاي جانىم بۇ ئالەمدە،
سەندىن بولەك كىمىم بار.
ئۇيناي دېسەم كۆڭۈللۈك،
ئەسلى زامان كۆڭۈل تار.

كىشى قولىدا ئاش يېسەڭ،
چىدىماس مېنىڭ ئىچىم.
ئىشىگىڭدە كورگەنسەن،
شۇ يانغان مېنىڭ ئىزدىم.
ياماپ بېرۈركىشىم يوق،
يىرتىلىپ كەتسە تىزىم.

ئۇيناي دېسەم جىق ئادەم،
كۆڭۈلدىكى بىر ئادەم.
يارغا تەشنا بولۇپسىز،
خېنىم قىلايمۇ ياردەم.
ئۈچ كۈن ئويناش قىلىپلا،
خەققە قىلىپسىز ئەلەم.

قارا دوڭگە ئۇي سالىپ،
توسادىمەن يولۇڭنۇ.
قارارۇشقا يامەن ئاپەت،
تۇگەتىدۇ قويۇمنۇ.
ئەۋرىشىندەك بەلىڭگە،
سالىپ ياتاي قولۇمنۇ.

ئاپتاپپەرەسكە ئوخشاش،
كۈن چۆرۈلسە چۆرۈلۈپ،

شۇمۇ ئادەم خۇيىمۇ،
ھەر تەرەپكە ئورۇلۇپ.
ئىككى يۈزلۈك بولۇشنى،
مەنمۇ سىزدىن ئۆگىنىپ.

ئايرۇپىلان كېلىدۇ،
ئىككى يۈزى قاناتلىق.
مەن يارنى تونۇپ قويدۇم،
ئۇتۇپ كېتىشتى ئاتلىق.
كەلمەسكە چارىسى يوق،
ياردىگەن شۇنداق تاتلىق.

ئارقاڭدىن قاراپ تۇرسام،
قايرىلمىدىڭ كەينىڭگە.
خىيالىڭ باشقا بولسا،
قويۇپ بېرەي مەيلىڭگە.
ھېچنەرسە دەركار ئەمەس،
يار ئۈچۈن تارتقان دەرتكە.

☆ ☆

بارساڭلار سالام دەڭلار،
مېنى سورىغان يارغا.
ئېيتمىنى چىقارماڭلار،
كوڭلۇم تۇغمايدۇ ئاكا.

خالى يەر بىلەن ئۇتسۇن،
جىمەسى* بولۇر ماڭا.

☆ ☆

بېشىڭغا ئۇنگەن چېچىك،
ئىككى دولاڭغا پاتماي.
بىرچە يادىڭغا ئۇنا،
قىزىلگۇلۇم ئۇنۇتماي.
شۇنچە دەردىڭنى تارتتىم،
قولۇڭ ئۇچىنى تۇتماي.

☆ ☆

باغدا توخۇنىڭ ئىزى،
تاغدا سايرايدۇ كەكلىك.
چىرايىڭ ئىچىلمايدۇ،
قايسى يارىڭغا گەپلىك؟
چىچەن بولساڭ بىلەرسەن،
كىملەر يۇرۇيدۇ دەرتلىك.

☆ ☆

بىر يەردە ئولتۇراي دەپ،
سىنىڭ مەلەڭگە كوچۇپ.

* جىمە ـــ تاپا ـ تەنە، سوز ـ چوچەك.

پۇتۇڭدا تاۋار پايپاق،
كىيگىنىڭ مەسە ئۇتۇك.
بىيىشكە كىرەرمەن،
قويسام كوزۇڭنى ئۇپۇپ.

بويۇم بىلەن قۇيۇلۇپ،
كوزۇمدىن ئاققان يېشىم.
ئوت كويۇك يامان ئىكەن،
ئايلىنىپ كەتتى بېشىم.
ئىچىم ئېزىلىپ كەتسە،
ساق تۇرىددىكەن تېشىم.

بوغۇزۇمدىن غىزا ئوتمەي،
بۇ مېنىڭ كورگەن كۇنۇم.
ئارىمىز يېقىن بولسا،
ساڭا ئاڭلانسا ئۇنۇم.
بەرگەن خېتىڭنى ئوقۇپ،
گۇلدەك ئېچىلدى كوڭلۇم.

بۇغداينىڭ ئارىسىغا،
زاغۇن ئېلىشىپ كەتكەن.
مېنىڭ بىلەن سىنىڭدەك،
كىم مۇرادىغا يەتكەن.
ئالتۇن بىلەن كۇمۇچنى،
سىرلاپ يۇغۇرۇپ ئەتكەن.

ئېچىلمىدىن ئايرىلىپ،
سىڭمەيدۇ يېگەن ئاشىم.
ئايرىلماستىن ئوينايمەن،
ئولۇمگە كەتسە باشىم.
ئاي يۈزۈڭگە يارىشىپ،
قارا كوز قەلەم قاشىڭ.

☆ ☆

ئىشىگىڭدىن ئوتەرمەن،
بانە قىلىپ كالىغا.
قۇرۇق دەريا* ياقىلاپ،
كېچە ماڭدىم شايارغا.
يۈزى قارا بىۋاپا.
چىقماي قالدىڭ تالاغا.

☆ ☆

ئىشىگىڭنىڭ ئالدىدا،
كۈندە قۇرىمايدۇ قار.
ئاھ جېنىم شۇ ئالەمدە،
سەندىن بولەك نىمەم بار.
كوڭۈلدەك يۈرەلەيمىز،
ئەسلى زامان ئالەم تار.

* قۇرۇق دەريا ـــ تارىمنىڭ بىر ئېقىنى.



AltunOq

☆ ☆

ئىشىگىڭنىڭ ئالدىدا،
بۇلبۇللار سايرىشىدۇ.
مۇبارەك بولسۇن يارىم،
تون كىيسەڭ يارىشىدۇ.
تالاغا چىقىپ ماڭساڭ،
ياش باللار قارىشىدۇ.

☆ ☆

ئېشىگى ھېرىپ قېلىپ،
يۈكىنى ئارتتىم باقىنىڭ.
يەسەڭ چىشىڭ چۈشىدۇ،
سودىگەرنىڭ قېقىنى.
ئەينەككە قاراپ يۈلاي،
ساقىلىمنىڭ ئېقىنى.

☆ ☆

غازاڭ كېسىپ سەمرىتەي،
باققاندىكى قويۇمنى.
ئۆزەم تېپىپ ماڭالماي،
كېچە ماڭغان يولۇمنى.
قانچە گۇنايىم بولسا،
باغلاپ بېرەي قولۇمنى.

☆ ☆

گەپ قىلماستىن يۈرگەنگە،
ساراڭمىكىن دېدىڭمۇ؟
گەپىنىڭ ئۇچىنى ئېيتتىم،
قالغىنىنى بىلدىڭمۇ؟
ئالا قانان بۇۋاپا،
كويىگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟

☆ ☆

خەۋىرى كەلگەن بىلەن،
كەلمەيدىكەن ئۆزلىرى.
قاتتىق تاشنى ئېرىتكەن،
شىرىن ناۋات سوزلىرى.
مېنىڭ ئىچىمنى كويدۈرگەن،
موزاي كىرپىك كوزلىرى.

خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ
چىراي-پەيزىم سارغىيىپ.
يەتمەپتۇ مۇرادىغا،
بۇرۇنقى ئوتكەن شا، غېرىپ.
يېشىم يەتمەي قىرىققا،
كەتتى بېشىم ئاقىرىپ.

☆ ☆

ئىچىم ئېزىلىپ كەتتى،
قالدى تېرە ئۇستىخان.
ئۆلگىچە ئۇنۇتمايمەن،
كۆندە قىلدى داستىخان.
ئالتۇن گۈلنى ئۇنىسام،
كويۇپ كېتىدۇ بۇ جان.

☆ ☆

كالا سويۇپ قىسنىپ،
تېرىلغۇدا يېيىشكە،
بىزنى يارغا قاتقانلار،
تىرىك كەتكەي بىيىشكە.
بىرقېتىم سويۇپ قويۇپ،
كوڭۇلۇك ئاغرىپ نىمشقا.

☆ ☆

كېچە - كۈندۈزلا ماڭدىم،
مۇشۇ تاغنى ئاردلاپ.
ئىككى كوزۇم تەلمۈردى،
ياردىم تەرەپكە قاراپ.
شەيتان دىگەن بىۋاپا،
ئوتقا سالىدۇ قىيناپ.

كېچە ـ كۈندۈز قىلارمەن،
يارىمنىڭ تىلەگىنى.
ئۈچ كۈن ياقىلاپ مېڭىپ،
ئوگەننىڭ ئىلەگىنى*
ئېڭىز يالاپ كەتكەندۇ،
گۈلۈمنىڭ بىلەگىنى.

☆ ☆

كىشى يارى بىۋاپا،
كېتەي كوڭلۈمنى بولۇپ.
دەردىم ئارا بولمىدى،
سېنىڭ ئىشقىڭدا كويۇپ،
ئادەم كەلسە دۇئا دەپ،
ئاغزىغا يۈزىنى سويۇپ.

☆ ☆

كىيگەن ئىگىنىڭ يارىشىپ،
تاغدەك ئوسكەن بويۇڭغا.
كېلەرىڭنى مەن بىلسام
چىقىپ تۇرماي يولۇڭغا.
ئوزى كىچىك بولسىمۇ،
ئالەمنى ئالۇر قولىغا.

* ئوگەننىڭ ئىلەگى ـــ ئوگەن دەرياسىنىڭ بىر تارمىغى.

☆ ☆

كوزىمىزگە كور قىلىپ*
چايغا چىللاپ يارنى.
غېرىپ بولۇپ ئولتۇرسام،
كىشى سورىماي ھالىمنى.
يار يادىمغا يەتكەندە،
نەمگە ياقاي باغرىمنى.

كوزۇمدىن ئاققان ياشىم،
توشۇپ كەتتى تارىمغا،
مەن يارىمنى تېڭىشۋالاي،
كويۇپ كەتكەن باغرىمغا.
يار ئۇچۇن ئولۇپ كەتسەم،
ئاغرىنمايمەن جېنىمغا.

☆ ☆

كويۇك ئوت يامان ئىكەن،
پاتمايدىكەن تېنىمگە.
ھەممىسى سانچىق بولۇپ
تۇرۇپ قالدى بېلىمگە.
تۇگۈلۈگۈك ئوچۇق بولسا،
كىرىپ بارسام ئويۇڭگە.

---

* كور قىلىپ ـــ كورستىپ تۇرۇپ.



AltunOq

☆ ☆

مېھرىۋانىم خوش ئەمدى،
ئۆزىتىپ قويۇپ ياندىڭ.
تولغىنىپ قاراپ تۇرۇپ،
بارتېنىمگە ئوت ياقتىڭ.
قانداق بارىمەن ئەمدى،
ئايرىلىپ يولدا قالدىڭ.

☆ ☆

مېنىمۇ قۇچاقلىدىڭ،
كوينىگىڭنىڭ تېشىدىن،
مەندە كوڭلىگىز بولسا،
نان ئۇرۇپ يەي بېشىڭدىن.
مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
قويمىسام يار قېشىدىن.

☆ ☆

مېنىڭ چىرايىم سۇنۇق،
مەن سارغىيىپ ساماندەك.
ئويۇڭگە باراي دىسەم،
قېشىڭدا يارىڭ باردەك.
كۇندە چىقتىڭ ياسىنىپ،
قىزىلگۇل تولۇن ئايدەك.

☆ ☆

مەن قېشىڭغا باراي دەپ،
شۇ تار كوچا كەڭ بولماي.
ئالتىن بىلەن ئوينايلى،
دۇشمەن بىلەن تەڭ بولماي.
يالغۇز ياتقىن ئويۇڭدە،
يېنىڭدا ئادەم قويماي.

☆ ☆

مەن مۇندىن يېنىپ كەتسەم،
ھېرىپ قالماس ئۇلاغىم.
يار ئېتىمنى چىقارسا،
ئاڭلار ئىدى قۇلاغىم.
قىلچە گۇنايىم بولسا،
ئىلكىڭگە ئېلىپ سوراغىن.

☆ ☆

سىز يادىمغا كىرگەندە،
ماڭغان يولۇمدىن ئېزىپ،
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
بېرەيمۇ خەتكە يېزىپ.
غېرىپ بىلەن سەنەمدەك،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلىپ.

سىزگە ئېيتتىم ئېلەنىپ*،
مەن قېنىمغا پاتالماي.
غېرىپ جان ئوتتۇك يامان،
كېچە ئورنۇمدا ياتالماي.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
خالى تېپىپ ئېيتالماي.

☆ ☆

سوغاق سۇنى باندلاپ،
يوقلاپ باردىم ئويۇڭگە
ھىچ ئىلاجىم بولمىدى،
يار كەلدىمۇ كوڭلۇڭگە.
ھىچنەرسە دەركار ئەمەس،
ئىچىمدىكى كويۇككە.

☆ ☆

تېرىپ قويسا ئۇنەدۇر،
يەنە كېلەر تېرىلغا.
يار تېنىم كويۇپ كەتتى،
ئارقىسىغا قايرىلسا.
بولەك باشتىن ئوينايمەن،
ئاداشىدىن ئايرىلسا.

* ئېلەنمەك ـ ئېلەشمەك، چاپلانماق.

☆ ☆

تۇن كېچىنى يورۇتقان،
ئون بەش كۈنلۈك ئاي ئىكەن.
يارىمىنىڭ مىنگەن ئېتى،
كوندۇرمىگەن تاي ئىكەن.
ئادەممىكىن دەپ يۈرسەم،
قۇرۇق سولەت باي ئىكەن.

☆ ☆

ئۇلۇق كولنىڭ* ئىچىدە،
قېشىڭنى قارا قىلىپ،
قىلغان ۋەدەڭگە تۇرماي،
كوڭلۇڭنى ئالا قىلىپ.
بىرەر قاتار يوقلىغىن،
ئوتتۇنغا بانە قىلىپ.

شامال كەلسە پۇرايدۇ،
ئەتراپىڭىز توز ئۇچۇن.
ھەجەپ ئىچىم كويىدۇ،
شۇ مەلىدە سىز ئۇچۇن.
ھەسرەت بىلەن تۇتقان يار،
گەپ ئاڭلىما بىز ئۇچۇن.

* ئۇلۇق كول ــ لوپنۇردا بىر يەر ئىسمى.

☆ ☆

ياخشى گەپنىڭ باھاسى،
ھەركىم ئالسا يىمىڭ تىللا.
ئويىنىغىن گاڭگۇك بىلەن،
جان قىينىلار ياڭسۇكدا*
پۇقرا ئەللەر بىلمەيدۇ،
سورىتى بار جاڭجۇكدا.

☆ ☆

يامغۇر يېغىپ قالمىسۇن،
ھاۋا - جاھان بۇزۇلۇپ،
بىر ئېغىز گېپىم بىلەن،
يارىم بىزگە بۇزۇلۇپ.
بىۋاپا چىقىپ قالدىڭ،
مەن يۈرۈيمەن مۇرۇنلۇق.

☆ ☆

يامغۇر يېغىپ قالمىسۇن،
كىيگەن تونىنى ھول قىلىپ.
قاراپ كۈلىسىز يارىم،
مېنىڭ ئىچىمنى خۇن قىلىپ.

---

* ياڭسۇك ــ نامەرت.

ئۇزەڭگە دورا قىلغىن،
مېنى سېتىپ پۇل قىلىپ.

☆ ☆

يار ئايرىلىپ قالغانغا،
چام سىلىپ ماڭغۇم كەلمەي.
شەيتان دىگەن بىۋاپا،
ئۆيلىسا چۇشكە كىرمەي.
ئىشىنىپ كېتىپتىمەن،
قويغان قارادا كەلمەي.

يار بىلەن قاتار ماڭسام
كىچىگۇ چوڭ قارىشىپ.
سېنىڭ بىلەن ئاداش دەپ،
يۇرۇشىدۇ مارىشىپ.
شۇنداق ئالەم ئوتەرمۇ،
يىراق يەردىن قارىشىپ.

☆ ☆

يارنىڭ ئولتۇرغان ئويى،
قىلۋى يېنى تۇز بولۇپ.
ئۇچراشقان ئادەملەرگە،
ئىچىلىسىز گۇل بولۇپ.

ئوتنگەمىز چۈشۈپ قاپتۇ،
كويۇپ كەتتىم كۆل بولۇپ.

☆ ☆

يارغا قاتقان قوشىقىم،
ناۋاينىڭ بېيىتى.
بىر قېتىم سويۇپ قويۇپ،
تاش كوڭلۇمنى ئېرىتتى.
كوڭلى ئاغرىپ كېتىپتۇ،
بۇ كەمگىچە كېلەتتى.

☆ ☆

يەمىشلىك دەرەخلەرنىڭ،
يوپۇرمىقى سېرىلىپ.
نوزۇك جان ئوتۇڭ يامان،
كەتتى يۈرەك ئېزىلىپ.
ئىزلەيمۇ تاپالمايمەن،
قايان كەتتىڭ ئېچىلىم؟

☆ ☆

يۈرگۈزمەيدۇ تەرگىشىپ،
ئوز تۇققانلار خاس بولۇپ *.
كوڭلىنى بولۇپ كەنتى،

* خاس بولۇپ — دۈشمەن بولۇپ.

قېرىنداشلار يان * بولۇپ،
غېرىپسىنىپ يۈرۈيمەن،
ئىچىم دەرت بىلەن تولۇپ.

ئەتىگەندىن بېرىسى،
دەردىمنى ئۆزەم بىلەرمەن.
كوزۇمدىن ئاقتان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرسەن.
مەندىن ئۆتكەن كەمچىلىك،
ئۆز ئۆستۈمگە ئالارمەن.

☆ ☆

ئەتىگەن كەلگەن شامال
كۆن پاتقۇچە توختىماي.
جاپا تارتىنگمۇ يارىم،
بىرچە كېلىپ يوقلىماي.
بىر مەلىنىڭ ئىچىدە
ساڭا كىشى ئوخشىماي.

☆ ☆

غېرىپسىنىپ ئولتۇرسام
كىم كېلىدۇ قېشىمغا،

* يان - يات.

كېمە سىلىپ ئۇتۇڭلار،
كوزدىن ئاققان يېشىمغا.
شۇنچە دەرت ـ ئەلەم كەلدى،
كىچىك تۇرۇپ بېشىمغا.

☆ ☆

غېرىپ بولغان چېغىمدا،
ھېچكىم كەلمەي قېشىمغا.
يار مېنى تاشلىۋەتسەڭ،
ياخشى بولماس ئېتىڭغا،
چىن گېپىڭنى دېمىگىن،
ئۇرۇق ـ تۇققان، يېتىڭغا.

☆ ☆

غازاڭلار سارغىيىپتۇ،
كۈز بولغانغا ئوخشايدۇ.
كوزۇمدىن ئاققان يېشىم،
ئەمدى قاچان توختايدۇ.
غېرىپلىغىمنى بىلىپ،
كۈندە كېلىپ يوقلايدۇ.

ھەجەپمۇ يارىشىپتۇ،
بويۇڭدىكى پەشمىتىڭ.
غېرىپ كوڭلۇمنى يېشىپ،
بىردەم ئولتۇر گەپلىشىپ،

ئوز تۇققان بولدى دۈشمەن،
يۈرگۈزمەيدۇ تەرگمشىپ،

☆ ☆

ھەممىدىن ئىگىز ئۇچۇپ،
كوزۇم چۈشتى تېرەككە.
جاندىن ئېزىز چىمەنگۇل،
ئوتۇك چۈشتى يۈرەككە.
خاتىرىڭنى جەمى قىل،
گەپ قىلمايمەن بولەككە.

☆ ☆

ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭدىم،
كونچىدىكى① سامانغا.
گەپ قىلمىساڭ بولمايدۇ
ماڭا ئوخشاش يامانغا.
دوست ۋە دۈشمەن ئىچىدە،
چىقالمىدىم دالانغا.

☆ ☆

ھاۋا پاراخوت② ئۇچادۇر،
ئاسماندىكى يەل بىلەن.

---

① كۈنچى ـــ لوپنۇرنا ھىيە بازىرىنىڭ ئىسمى.
② ھاۋا پاراخوت ـــ ئايروپىلان.

ئاغزىدا بىزنى ئالداپ،
يېنىدىكى ئەل بىلەن.
بۇ يۇرتتا تۇرمايدىمەن،
مەن ئايرىلسام سەن بىلەن.

☆ ☆

ھاۋادىن چۈشۈپ تۇرغان،
قارمىدى يامغۇرمىدى؟
كويگىنىمنى بىلمەيسەن،
يارىم باغرىڭ تاشمىدى؟
بىز تەرەپكە قايرىلماي،
بولەك يارىڭ بارمىدى؟

ھەمرا دىگەن ھەمرايىم
قايان كەتتىڭ قايرىلىپ.
بىز تەرەپكە كەلمەيسەن،
بىرەر ۋاقلىق يات قىلىپ.
توڭۇلۇپلا* كەتتىڭمۇ،
سەن باغرىڭنى تاش قىلىپ.

☆ ☆

قاچان سايىسى چۈشەر،
يېڭىدىن تىككەن*جىرىم

* توڭۇلمەك ـــ ئايىنىش، بۇرۇلۇش، يونۇلۇشنى ئۆزگەرتىش مەنىلىرىدە.

سۆيسەڭ تىلىمنى ئېرىتەر،
ناۋاتتىن تاتلىق لېۋىڭ.
يېقىمى ئوسمە نازۇك جان،
يالغۇز ئۆزەمنىڭ خىلىم.

☆ ☆

قانتى بار قۇش بولۇپ،
ئۇچۇپ هاۋاغا چىقسام.
دۈشمەنلىرىڭ بولمىسا،
ئېلىپ ئىچىمگە يۇتسام.
بار تېنىمگە ئوت كەتتى،
قولۇڭ ئۇچىنى تۇتسام.

☆ ☆

قانتى بار قۇش بولۇپ،
هىندىستاندا قىشلىسام.
مېنىڭ سۇنار چىرايىم،
بىردەم ئويىدىن چىقمىساڭ.
ئاخىر بولار ئۇۋالىم،
خۇدايىمغا يىغلىسام.

☆ ☆

قەنىنى قوشۇپ يۇغۇرغان،
ناشپېكەرنىڭ تىلىغا.

يارىمنىڭ خەۋىرىنى،
ئېلىپ كەل يالغۇز قاغا.
يار مېنى يامان دېسە،
ئەمدى ئوينار خىلىغا.

قارا چاچنى تالقىتاي①،
سايە بولسۇن يولۇڭغا.
جېنىمنى قېتىپ بېرەي،
كەتمەن تۇتقان قولۇڭغا،
كېلەرىڭنى مەن بىلسەم،
چىقىپ تۇرماي يولۇڭغا.

☆ ☆

قېرىپ قالسام يۈرۈيمەن،
تىرەك - هاسا تايىنىپ.
ئونلۇقتىن② بېلىق توشۇپ،
ئاداشىمغا يارىنىپ.
كونچىگە چىقىپ كەتتىم،
نىمە ئىكىن خىيالىم؟

☆ ☆

قاش - كۆزۈڭنى ئوخشىتاي،
ئېقىپ تۇرغان بۇلاققا.

---

① تالقىتماق — چۇۋۇماق.

② ئونلۇق — لوپنۇردا يەر ئىسمى.

قىلىچە گۇنايىم بولسا،
ئۆزەڭ ئالغىن سوراقتا.
مەن مۇرۇنلۇق يۈرۈيمەن،
ئوڭ كوزدىكى قاراقتا.*

☆ ☆

قېشىڭنىڭ قاراسىنى،
نەمگە تېرىپ ئۈندۈرەي.
بىردەم ئولتۇر قېشىمدا،
مەن كوزۈمگە سىڭدۈرەي.
دوستۇمدىن تولا دۈشمەن،
قانداق ئېچىلىپ كۈلەي.

☆ ☆

قوغۇننى تىلىپ قويۇپ،
ئۆزەڭ يىمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
بىر گېپىڭنى دىمەمسەن؟
ئىچىمگە چۈشتى كويۈك،
قىزىلگۇل يار بىلەمسەن؟

قىلتۇدىن كەلگەن شامال،
تېگىپ تۇردى قۇلاقتا،

* قاراق — قارىچۇق.

چىرايىڭ ھەجەپ سوُنۇق،
كىملەر ئالدى سوراقتا.
قاش - كوزۇڭنى ئوخشىتاي،
ئېقىپ تۇرغان بۇلاقتا.

☆ ☆

قىرىق ئادەم بېرىپتۇ،
قارا دوڭگە* زەمبىلگە.
ئىشىنىپ يۇرۇپتىمەن،
قىزىلگۇلۇم مەن سىزگە.
شۇنچە دەردىڭنى تارتسام،
دال بولمىدىڭ دەردىمگە.

☆ ☆

خىزمىتى چىققان بولسا،
كېلەر ئىدى بىز ياقتا.
شەيتان دىگەن بىۋاپا،
ھەجەپمۇ سالدى ئوتقا.
ساياقلىق قىلما يارىم،
چۇشاق سالاي پۇتۇڭغا.

☆ ☆

قوشىغىم ئېيتىپ بېرەي،
تېگىنى بىلگىن ئوزۇڭ.

* قارادوڭ ـــ جاي ئىسمى.



AltunOq

مېنىڭ ساڭا كويگەنىم،
ھەسەلدىن تاتلىق سوزۇڭ.
چىرايىڭغا ياراشقان،
قاش - كىرپىك قارا كوزۇڭ.

☆ ☆

قولۇڭدىكى بىلەيزۇك،
پاتار بولسا بىلەككە.
بىر سىڭىل دەپ ئېسىركەپ①
تۇغۇلۇپسەن بولەكچە.
ئەگەر ئاۋازىڭ چىقسا،
دەز كېتىدۇ يۇرەككە.
قوساق كوپۇگى قىلماي،
ئولتۇرۋاتقىن مېنى.
شۇنچىلارنىڭ ئىچىدە،
خارايلاپ② تۇتتۇم سېنى.

☆ ☆

ئوگەننىڭ ياقىسىدا،
ئۇنۇپتۇ توغراق يانتاق.
ھاشارچىغا يېتەلمەي،
كېچە - كۇندۇز يول ماڭساق.

---

① ئېسىركەپ ــ ئەتىۋالاپ.
② خارايلاپ ــ تاللاپ.

ياشلارغا تەڭ قىلمىدىڭ،
ساقىلىمغا ئاق چالسا.

ئوتىدىغان يولۇڭغا،
ئولتۇراي سايە قىلىپ.
مەن بېرىپ يوقلاپ كېلەي
بىر ئىشنى بانا قىلىپ.
بولدى بۈگۈن توققۇز كۈن،
يۈرۈيمەن نالە قىلىپ.

☆ ☆

ئۆزەم خەت بىلەر بولسام،
سىزىپ ئالسام كوزۇڭنى.
ئېچىلىم ئايارسەنمۇ،
بىر - ئىككى ئېغىز سوزۇڭنى.
سەن ئۆزەڭ كىچىك ئەمەس،
تونۇپ يۈرگىن ئۆزەڭنى.

☆ ☆

ئۆزەم يوقلاپ يۈرۈيمەن،
سېغىنغىنىمنى چىنەپ * .
قېرىپ قالغان خوتۇندەك،
ماڭغان يولۇمدىن تېنەپ.

---

* چىنەپ — ئولچەپ.

يارىم مىنگەن ئېتىڭنى،
قىزىڭغا بەرگىن ئېنەپ①.

يېرى جاڭگاللىق ئۇچۇن،
كورۇنمەي غاغالتاسى②.
ئۇلۇغ شەھەردىن كەپتۇ،
قەننى سالغان خالتاسى.
يۇرتتىكىلەرگە ئوخشاش،③
كوينىگىنىڭ ياقىسى.

كوينىگىنىڭ ياقىسى،
سىم يىپ④ بىلەن پەرلىگەن.
تاڭ ئاتقۇچە ئىش قىلىپ،
چارقا سوزۇپ يەملىگەن.⑤
ئۇلۇغ شەھەردە ئولتۇرۇپ،
كول ئىچىگە كەلمىگەن⑥.

ياغ بېلىقنى يەي دىسە،
كول ئىچىگە كەلمەسمۇ؟
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك،

① ئېنەپ — ئەن سېلىپ، ئاتاپ.
② غاغالتا — دەريانىڭ كېمە توختايدىغان يېرى.
③ "شەھەردىكىلەرگە ئوخشاش" دىگەن مەنىدە.
④ سىم يىپ — زەر يىپ.
⑤ "چاق بىلەن يىپ ئىگىرگەن" دىگەن مەنىدە.
⑥ لوپنۇرلۇقلار ئوزلىرىنىڭ يېزىلىرىنى "كول ئىچى" دىيىشىدۇ. بۇ سەھرا يېرى دىگەن مەنىدە.

بىز ئىككىمىز ئەمەسمۇ؟
يادىغا ئونار بولسا،
بىرەر قېتىم دىمەسمۇ؟

☆ ☆

كورلىغا بارايلى دەپ،
سەھەردە ئاتنى توقى.
ئەلدە قولدەك ئىشلىگەن،
قولدا پۇلۇمنىڭ يوقى.
ئېچىلىمدىن ئايرىلسام،
كوزۇمنى قارغا چوقى.

ئاڭلىمايدۇ سوزۇمنى،
ياخشىلارنىڭ قۇلاغى.
چىدىغىلى بولمايدۇ،
جاجاڭ بەگنىڭ سوراغى.
كوچكەندە يېتىشەلمەي * ،
ئاجىز كېلىپ ئۇلاغىم.

ئاجىز كېلىپ ئۇلاغىم
بۇ يوللارنىڭ يىراغى.
نېرى بېقىپ ماڭغىنىڭ،
هورقىزلارنىڭ سىياغى.

* "يارىم كوچكەندە" دىمەكچى.

تىلىمنى كۆيە يەسۇن،
مەلىمىزنىڭ چىراغى * .

ئىچىمدىكى دەردىمنى
يېزىپ بېرەي خەت بىلەن.
قىزىلگۈلۈم ھەمرايىم
ئوينۇيمۇ سەن مەن بىلەن.
قىلغانداقى ئىشىڭنى
ئوناپ تۇردۇم غەم بىلەن.

ئون بەش كۈنلۈك ئاي دەيمەن،
يايىردىمنى تولا داڭلاپ.
ئىچىم تولا كويەدۇ،
ھەرخىل، ياڭزا گەپ ئاڭلاپ.
بىر ئېغىز گەپ قىلماسەن،
ئاشناڭغا نومۇس ساقلاپ.

مەن ئارادا يول ماڭدىم،
بوغون ئىشنى چاغلاي دەپ.
خۇدايىمغا يىغلايمەن،
يارنى قولغا ئالاي دەپ.

---

* بۇ تۇت مىسرانىڭ مەنىسى: سېنىڭ نىرى قاراپ مېڭىشلىرىڭ خۇددى ھورقىزلارنىڭ سىياقى، سېنىڭ تەرىپىڭگە جۈرئەت قىلىپ ئېغىز ئاچقىنىم ئۈچۈن تىلىمغا كۆيە چۈشسۇن، سەن مەلىمىزنىڭ چىرىغى، ئاخىرقى ئىككى مىسرادا لىرىك چېكىنىش قىلىنغان.



Altunoq

ئىچىمدەگى ئەرمىنىم،
سەن يار بىلەن ئويناي دەپ.

ئاقاڭدىن قارلاپ تۇرسام،
قارا كوزۇم تالغىچە.
ئوينۇمۇسام بولمايدۇ،
مۇنداق دەتكە قالغىچە.
ئەمدى مەن قانداق چىداي،
بىزنى يالا كەلگىچە.

دۇشمان بولمىغىن خەقلە،
ھەممىمىزلا بىر تۇققان.
قارايۇز بولۇپ كەتسۇن،
بەگلەگە بىزنى چاققان.
ئولمەيدىغان ئادەم يوق،
ئەجەل ھەممىنى يۇتقان.

قارغىدىن سالام دىدىم،
قارغا دىدىمۇ سالام.
كوزۇمدىن ئاققان ياشىم،
ئاردىلىپ توققۇز تارام.
غارىپلىق يەتتى بىزگە،
پەرۋان جانىم ئانام.

بۇگۇن كېچە نىم بولدۇ،
ئىتلەر قاۋاپ ياتمادى.

ئارامسىزلا دۇشمان با،
ئىككىسىلەننى قوشمادى.
ئېرى كېلىپ قالغاندا،
سىر ساندۇقتا ساخلادى.

غازاڭلار ساغارىپتۇ،
كۆز بولغاڭغا ئوخشايدۇ،
بۇمېنى ئاققان ياشىم،
ئەمدى قاچان توختايدۇ.
غارىپلىغىمنى بىلىپ،
كۈندە كېلىپ يوختايدۇ.

ئوزۇم خەت بىلە بولسام،
سىزدىپ ئالسام كوزۇڭگۇ.
ئېچىدىم ئايايىمۇ سەن،
بىر ـ ئىككاغىز سوزۇڭگۇ.
سەن ئوزۇڭ كىچىك ئەمەس،
تۇيۇپ يۇرۇ ئوزۇڭگۇ.

گېلىمدىن نان ئوتمەيدۇ،
سۇۋىلەن چاينىماسام.
كوزۇمگە ئوقو كەممەس،
ئۇنۇڭنۇ ئاڭلاماسام.
كىم كېلىپ ئورۇۋاتۇر،
ئاران ئىمارەت سالسام.

گۇلۇم بىر كورۇشمەدۇق،
بۇيول ئۇتكەن ئورمۇدا.
قاشىڭغا باراي دىسەم،
مېنى ئالەنچىم بولمۇسا.
بىرگەپىنى ئەيتسۇن،
مېنى بىلەن ئوينۇسا.

قاناتى بار قۇش بولۇپ،
چىقىپ هاۋادا ئۇسسام.
يۇرۇگۇمگە كەتتى ئوت،
قولۇڭ ئۇچۇنۇ تۇسسام.
مۇرادىم بولۇر هاسىل،
سېنى ئىچىمگە يۇتسام.

قاناتى بارقۇش بولۇپ،
هىندىستاندا قىشلاسام.
مېنى سۇنۇ چىرايىم،
بىردەم ئويدۇن چىقماساڭ.
ئاخىر بولۇر ئۇۋالىم،
خۇدايىمغا يىلغاسام.

ئېڭگال باشتالىپ كەلگەن،
يارىم بىززى گۇل قىلىپ.
ئوينۇۋ ياخشى ياماڭغا
مېنى ئىچىممى خۇن قىلىپ،
ئاداشىڭدىن ئايرىلساڭ
يانا ئوينۇيمەن پۇل قىلىپ.

كويۇك ئوت يامان ئىكەن،
پاتمايدىكەن ئىچىمگە.
ھەممە سانچىق بولۇپ،
تۇرۇپ قالدى بىلىمدە.
تۆۋوڭىز ئاچۇق بولسا،
كىرىپ بارسام ئويۇڭگۇ.

ئوزۇڭگە ئىرىسقى قىل،
بىلەكتەك ئۇنگەن ساچىڭ.
مەن سىنى ئونۇغوندو ①
ئاقار دەريادەك ياشىم.
ئالتۇندەك خەن ② قويغۇندەك،
تۇرادۇ قارا قاشىڭ.

بوزۇرقاپ چىققان ئوسا،
بۇغداي تۆۋلەپ ئۇنەدۇ.
مەلىكەم ئوزى چىچەن،
دەت تاتقاننى بىلەدۇ.
ئويۇڭگە كىرىپ چىقسام،
كىچىگى - چوڭ كۇلەدۇ.

چوڭ خەققى ۋالاسى دەپ،
تاما تۇتۇپ مەن سىزى.
ھەجەپ ياتىرقاپ كەتتى،

① ئونوغوندو ـــ ئويلىغاندا.
② خەن ـــ خەنە.

كوزۇگە ئىلماي بىرزى،
ئاسماندىكى ئاي غوقشۇش،
كىم تۇغار شۇنداق قىزى.

پەرىزاتقا ئوخشۇيدۇ،
مەلىكەمنى ئاناسى.
بىرزى پەس دەپ ئاتامالىك،
بىر شۇ ئادەم بالاسى.
ئادەمنى ئىچىدە بار،
خۇدا سالغان ئالاسى.

مەلەدەكى بالالار،
گەپ قىلىشادۇ ماڭغا.
ئالەم قاچان يارۇر دەپ
ئۇختاماي قالاپ تاڭغا.
بىرنانى پۇتۇن ياسەم
تەڭنى قويدۇم ساڭغا.

غازاڭلار ساغارىپتۇ،
كۆز بولغۇڭغۇ ئوخشۇيدۇ.
كوزۇمدىن ئاققان ياشىم،
ئەمدى قاچان توختۇيدۇ
غارىپلىغىمنى بىلىپ،
كۈندە كېلىپ يوختۇيدۇ.

بۇگۇن تۇشۇمگە كىردى،
تۇتۇپتۇ مەن قولۇنۇ.


AltunOq

كورگەن ئەللەر سورايدۇ،
توسۇپ چىقاي يولۇنۇ،
بىشىك ئاناڭ ياساغان،
بوز يىگىتنى بويۇنۇ،

مىنگەندەكى ئىگەرى،
ئالتۇنۋىلەن سىرلانغان،
قارا ئويۇنۇ① گوشىگە.
ياش ۋاللانى چىلىلاغان.
ئەلۋەرگەن شاپاغىنى②
چوقتو سوغ قىرالاغان.

شومالەنى ئىچىدە،
كىملەر كەلدى قاشىڭگا.
پۇتۇن يۇتتۇ ئىگا قىپ،
سىنى ئەتكەن ئاشىڭگا.
دەردىڭدە ئولۇپ كەسسەم،
يىلغايمۇ سەن باشىمغا.

ئوت ـ كويۇككە چىدىماي،
چىكىپ نەشە چىلىمدا.
سىندۇق دۇشمان ئاللىدا،
بىر پۇلۇم يوق قولۇمدا.
يىتىم بالاغا ئوخشۇش
مەن ئولتۇردۇم بولۇگدا.

① قارا ئويۇنۇ ــ قارا ئۇيىنى.
② شاپاغ ــ شاپاق دوپپا.

يانى كوللۇ ئىچىدە،
ياراتىپ سىنى تۇتتۇم.
ئات مىنىپ تون كەيدۇرەي،
ھاۋاداقى بۇلۇتتۇن.
ئاكەم كېلىپ ئاكەتسۇن،
ئۇلۇگۇمنۇ بۇ يۇتتۇن.

ئىشىگىڭدىن ئۇتەرمەن،
بانە قىلىپ كالاغا.
قۇرۇغ دەييا ياقالاپ،
كېچە ماڭدىم شايياغا.
ئۇزۇ قارا بەدى گوپا،
چىخمايمۇ سەن تالاغا.

مەن مەللەڭگە بارغاندا،
تانىۋاپسەن ئىزىمنى.
سەن يادىمغا كىرگەندە،
قۇچاقتادىم تىزىمنى.
بۇرۇنلا كورۇپ قويغۇن،
مەرام دىگەن قىزىڭنى.

ئويۇڭگۇ ئارقاسىغا،
سىپىدىل سوقۇپ شەرىتەي.
سەن ئەمدى ئاڭا كەسسەك،
مەن ئەمدى قايداغ ئىتەي.
خۇدايىم بەرسە قانات،
ئۇچۇپ كەينىڭدىن يىتەي.

بۇغدايلىق ئاراسىدا،
زاغۇن ئىلانىپ كەتكەن.
سىنىڭ ۋىلەن مىنىڭدەك،
كىم مۇرادىغا يەتكەن.
ئالتۇن ۋىلەن كۈمۈشتەك،
سىرلاپ يۇغۇرۇپ ئەتكەن.

ئارۇخلاپپا كېتىپسەن،
جېنىمنى ساڭا ۋەردىم.
ئىنەڭگى رازا قىلغىن،
تۈزۈڭگۈ تولايىدىم.
رەڭگىمنى ساغانى،
بىر قاتىلماغان دەردىم.

ئىچىم ئېزىلىپ كەتتى،
ئەمدى تېرى ئۈستۈقان.
ئۆلگۈچە ئۈنۈتمايمەن،
كۆندە قىلدى داسسۇقان.
ئالتۇن گۈل يادىغا كىرسە،
كويۇپ كېتەدۇ بۇ جان.

ئىچىدە دەرت ـ مۇڭۇ يوق،
ئۆينۈيدو سۇدا بالىق.
سودۇگەلەر كېلەدۇ،
لوپ تەرەپكە مال ئالىپ.
گۈلۈمنۈ كوڭلۈ ئاچىلسۇن،
ئايۇن ـ بۇيان قول سالىپ.

غارىپ بولغان چاغىمدا،
ھېچكىم كەلمەي قاشىمغا.
يار مېنى تاشلاۋاتساڭ،
ياخشى بولماس ئاتىڭغا،
چىن پەخرىڭگى دىمەگىن،
ئۇرۇق - تۇققان ياتىڭغا.

ئاناڭىززى ئىچىدىن،
بولۇك ياڭزا تۇغۇلۇپ.
سويسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق،
ناۋات بىلەن يۇغۇرۇپ.
تالىيىڭگى يوخلۇغۇ،
ئولتۇرۇپسەن بوغۇلۇپ.

ئىچىم كويۇپ كېلەدۇ،
ئوت تۇتاشىپ تېنىمگە.
غارىپلىقنى يامانى،
ناخشا كەلمەي زېنىمگە.
غارىپسىنىپ يىغلايمەن،
ئىچىمدەكى دەردىمگە.

مەن تولۇ ناخشا ئېيتسام،
ساراڭ دەيدۇ بۇ باللا.
دەردى يوق دەيسەن مېنى،
چىرايىمغا قاراڭلار.
دەردىمنى ئايتىپ بېرەي،
قۇلاق سالىپ ئاڭلاڭلا.

بۇيۇم بىلەن قۇيۇلۇپ،
كوزۇمدۇن ئاققان ياشىم.
ئوت ـ كويۇك يامان ئىكەن،
ئاينالدىپ كەتتى باشىم.
ئىچىم ئېزىلىپ كەسسە،
ساخ تۇرادىكەن تاشىم.

ئىچىم ئېزىلىپ كەتتى،
تازا سىياق باغرىمدا.
ئوت ـ كويۇك يامان ئىكەن،
ئەمدى كەلدىم ئاخلىمغا.
ناخشا ئەمەس بۇيىغى،
مەن يىغلايمەن ھالىمغا.

يۇرۇتمەيدۇ تەلگىشىپ،
ئوز تۇقتانلار خاس بولۇپ.
كوڭلۇنۇ بولۇپ كەتتى،
قارىنداشلار يات بولۇپ.
غارىپسىنىپ يۇرۇيمەن،
ئىچىم دەرت بىلەن تولۇپ.

مېنىڭ ئۇزۇمگە سۇۋاپ،
ئاجىراماس قارانى.
ئوز تۇققان قارىنداشتىن،
ماڭا كەلگەن بالانى.
خۇدا تالەي ئايىماي،
ئاڭا ئاتا ـ ئانانى.



Altun Oq

توزاق قويۇپ باستۇراي،
نولۇ ماڭغان بولۇڭغا.
مۇنداق قىلىپ يۈرۈسەن،
بۇ جاي قالۇر قۇلۇڭغا.
كەيگەن ئەگىنىڭ ياراشىپ
تالدەك ئوسكەن بويۇڭغا.

ئۇتۇپ بارغان قاغىلا
يانىپ تۇۋەمگە توختاپ.
سېنى دېگەن گېپىڭگى
يۈرۈمەن ئىچىمدە ساختاپ.
ئىشىگىڭگى ئالدىدا
بۇلبۇلغا ئوخشاش ساراپ.

كويۇكنۇ دەردى يامان
ئويناپ ئالغىن مەيلىڭدە.
كويگۈنۈمنى بىلمەدىڭ
مەن يۈرۈيمەن كەينىڭدە.
كىرپىگىڭ تال ـ تالغىنا
قاشلىرىڭ قىيغان قەلەم.

3

بۇگۈن ئايغا بەش بولدى،
قۇياش پېتىپ كەچ بولدى.
ياردىم كېتىپ يىراققا،
كورۇشمەكمۇ تەس بولدى.

ماڭسپمۇ يېتالمادىم،
ئاقىپ تۇرغان تارىمغا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
باغرى قاتتىق يارىمغا.

ئۇچۇپ بارغان قاغىلار،
گۈل يارىمنى كورۇپ كەل.
قانچە ياتىرقاپ كەتتى،
شاخلىرىدىغا قونۇپ كەل.

ئىلاجىم يوق ئوخشايدۇ،
پېشانەمدە بۇيرۇقتا.
يارنىڭ يولىدا قاسراپ،
توڭلاپ ئولمەدىم سوقتا.

ماڭغانغا تۈگۈمەيدۇ،
توققۇز ئوينىڭ يوللۇرۇ.
تال چىۋىقتەك ئەشمەدۇر،
گۈل يارىمنىڭ بويلۇرۇ.

چارا يولى يىراقمۇ،
مىنگەنلىرى ئۇلاقمۇ.
خەتكە جاۋاپ بەرمەيلا،
ئوك قۇللىرى چولاقمۇ.

ئاي بىلەن كۈن تەڭ چىقىپ،
ئەلچى ئەۋەتتىم ساڭا.

ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

ئۈچاقتىكى زاغراڭنى،
كومتەرمەمسەن تەڭلەڭگە.
كوڭلۈڭدىكى ياردىڭنى،
كەلتۈرمەمسەن مەلەڭگە.

دوڭ باشىدا ئولتۇرۇپ،
قارايمەن مەلەڭ سايان.
ھېچنەدە كورۈنمەيسەن،
موكوپ ئالدىڭ سەن قايان.

ئومرۇم ئوتۇپ جاڭگالدا،
بىر كورمەدىم بويۇڭنۇ.
مېنى قويۇپ ئارماندا،
قىلدۇاپسەن تويۇڭنۇ.

ئاشناڭ مازار بولسىمۇ،
كورسەتمىگىن كوزۈمگە.
بولسا مەندەك ۋاپالىق،
يېقىن ساقلا ئوزۈڭگە.

ئەتىلىككە كېتىمەن،
ئويناۋالغىن ئازادە.
سېنىڭ قىلغان ئىشلارىڭ،
يۇرۇگۇمدە گادازە.

قارچۇغىنى قۇشلاپسەن،
قاچان بىرسەن ئىندەك.
ھەجەپ مېنى ئازدۇردۇڭ،
ئېزىتتىڭ بالا جىندەك.

ئاش بەرمىدى باي قىزى.
زايا بولۇر دەپ ساڭا.
ئۇنۇتتۇڭسىز خان ئايىم،
ئوتتۇنۇ سالدى ماڭا.

مەن قويۇمنىڭ ھايدايمەن،
توپا شەردە ① كوش مورگە ②.
ئايرىلماسقا ئويىنادۇق،
ۋەدىلىشىپ ئومۇرگە.

ئالما بەرگەن قولۇڭغا،
ئالتۇن ئۈزۈك سېپ قوياي.
مېنى سويگەن ئاغزىڭغا،
ئىشتى-كويۈك سېپ قوياي.

ئۇيۇلغۇڭنى ③ چىڭ باغلا،
مەن چۇرۇلۇپ ئوتلايمەن.

① توپاشەر — لوپنۇردىكى قەدىمى بىر شەھەر خارابىسىنىڭ ئاتىلىشى.
② كوشمور — جاي ئىسمى.
③ ئۇيۇلغۇ — جاندارلارنى ئوتقا باغلاپ قويۇش.

راست گېپىڭنى ئېيتقىن يار،
ئەتە ماڭماي توختايمەن.

ھاشاچىلار كېلىپتۇ،
چىقىپ تۇراي يولىغا.
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ،
كوزۇم چۈشتى تونىغا.

يارنىڭ كوڭلى قۇلپۇلۇق،
ئاچىلماسقا ئېتىلگەن.
سىز يار بىلەن ئويناشقا،
شۇنچە ئايدىن ئىنتىلگەن.

مېنى بۇندىن كەتتى دەپ،
كىملەر تۇتتى قولۇڭنى.
كورگەنلەرگە خار قىلما،
خۇما كوزۇم بويۇڭنى.

ئىشىك ئالدىدا مۇز كولچەك،
ئاتلاماي ئوتۇپ كەتتىم.
باشقا يار تاپىۋاپسەن،
قارىماي ئوتۇپ كەتتىم.

ئاقسۇيا توپەسىدە
تىزغا كېلىپتۇ قىياق.
كېلىپ مېنى يوقلاسۇن،
مەلەمىزدىكى چىراق.


AltunOq

سېنىمۇ باغلا بېلىڭنى،
ياقىل بىلەن، يازىل بىلەن.
ئەمەل قىلىپ شەرتىڭگە،
تۇرغىن ھامان بىر بىلەن.

ئۈستەڭ ياقىلاپ بارىپ،
دەسسىۋالدىم يىلاننى.
يارىم بىلەن قاچىشقا،
تۈزۈپ قويدۇم پىلاننى.

دوڭ مەلىگە قار ياغدى،
ئوينىغالى بولمايدۇ.
ئويناساقما ئوينايلى،
تاچىلىقتا بولمايدۇ.

ئىشىكىدىن ئۆتتۈم مەن،
تۇرۇدۇ چىراق يانىپ.
بۇ دۇنيادا ئۆتەرمۇ،
يار ساڭا باغرىم قانىپ؟

ئىشىكىدىن ئۆتتۈم مەن،
ئۆتكەنىمنى بىلدىڭمۇ؟
ئارقامغا يانىپ قاراپ،
كۆيگەنىمنى بىلدىڭمۇ؟

تۈمەنجان ئاشىقىڭ تولا،
ئۈجۈل① پۇراپ چىقتى سويا②.

① ئۈجۈل — يېكەن.
② سويا — قومۇش ۋە يېكەننىڭ يېڭى چىققان بىخى.

ئايرالىشمايلى يارىم،
بۇ كوڭلۇم قاچان قانا.

ئىككىمىز تەڭدەكقىنا،
تۇگمە تۇگۇشكەندەكقىنا.
ئىككىمىز ئاراسىدا،
گۇللەر ئېچىلغاندەكقىنا.

ئىشىك ئالدى چىرىم چۇق،
ئۇگۇلايدۇ تۇمۇچۇق.
ئاقسۇپىدا بارىمدۇر،
بىزنىڭ ياردەك خۇش ئۇچۇق.

يارىم توپلەي كىيىپتۇ،
پاشنىسىگە قاش قويۇپ.
قاچانلىققا ياتۇرمىز،
بىر تەكيىگە باش قويۇپ.

ئىشىك ئالدى قارىياغاچ،
پالتا چاپسام تېگى تاش.
بىر تەكىدە ئىككى باش،
جاننى ئالغان قارا قاش.

باق دىگەندە باقتىلا،
باقما دىگەندە باقتىلا.
كېتەر چاغ بولىۋىدى،
يۇرەككە ئوت ياقتىلا.

ئاتلاندىم يىراق يەرگە،
كوزۇم كورمىگەن يەرگە.
يارىم ئىچىڭ ئاغرىسۇن،
مەن ئاشىق قەلەندەرگە.

سىنىڭ باغىڭ ئالمالىق،
مىنىڭ باغىمدا ئانار.
بىردەم تۇرساڭ يانىمدا،
ئۇسسۇلۇق باغىرىم قانار.

كىچىككىنە قۇرغۇيۇم،
كىمگە ئەقىدە باغلادىڭ.
كىم بىلەن سوزلۇك بولۇپ،
مەندىن جۇدا ئەيلەدىڭ.

ئەي يارىم تەرك ئەيلەمە،
زەنجىر مىنىڭ ئىلكىمدەدۇر.
ئەۋەلى بىزنى سويۇپ،
ئەمدى كوڭلۇڭ كىمدەدۇر.

بىرگە كەتمەي قىپ قالدىڭ،
خۇمالىغىم ياخشى قال.
ھاياتىمنىڭ باھارى،
تۇمالىغىم ياخشى قال.

تولۇن ئايدەك چىرايىڭ،
زۇۋالىغىم ياخشى قال.

سوزی شیرین، خۇما کوز،
ئوت - چیراغیم یاخشی قال.

جۇدالیقتین دەرت چەککەن،
ۋاپاداریم یاخشی قال.
ئەقلیمنی ساراڭ قیلغان،
ئوماق یاریم یاخشی قال.

ئەل ئاغزیغا تیل تیتیق،
بال - شیکەریم یاخشی قال.
يۇرەگیمنیڭ پارچیسی،
جان - جیگەریم یاخشی قال.

پیدا دیلار کورمیگەن،
مەقسیدینی دیمیگەن،
چین سیرینی بەرمیگەن،
کوڭلی نازۇك یاخشی قال.

ئامریغیم ئومۇرلۇك،
لەۋزی هەسەل سویۇملۇك،
کوڭۇل خوشی کویۇملۇك،
خۇلقی تۇزۇك یاخشی قال.

بیرگە کەتمەي ئایریلغان،
ئوڭ قاناتی قایریلغان،
دەرت - پیراقینی یار قیلغان،
جۇدالیغیم یاخشی قال.

زىل كوڭلۇڭنى خار قىلما،
كەڭ كوكسۇڭنى تار قىلما،
ئۆزگىلەرنى يار قىلما،
سۇلۇ يارىم ياخشى قال.

☆ ☆

كويۇكىنۇ دەردى يامان،
ئويناپ ئالغىن مەيلىڭدە.
كويگۇنۇمنى بىلمەدىڭ،
مەن يۇرۇيمەن كەينىڭدە.

كىرپىگىڭ تال - تالغىنا،
قاشلىرىڭ قىيغان قەلەم.
كوڭلۇڭىس كىمدىن قالىپ،
تارتتىڭىز مۇنچە ئەلەم.

بۇ تېيەك ئۇزۇن تېيەك،
تۇۋۇدۇن كەسمەك كېيەك.
تۇۋۇدۇن كېسىۋېلىپ،
ساندۇدۇق چاپتۇماق كېيەك.

كوڭلۇڭۇزنى قالغانى،
ماڭا ئانچە مەلۇم ئەمەس.
سەندىن ئۇزگۇنۇ دىسەم،
خەنجەر ئالىپ بوينۇمنى كەس.



AltunOq

ئوناپ ـ ئوناپ خەت بېتتىم،
كوزلەرىمدىن ئاقتى ياش.
مۇنچىما كوڭلۇك قالامۇ،
كوڭلى قاتتىق، باغرى تاش.

ئېتىزىڭغا گۇل تارىدىم،
بىر گۇلۇمنى ئۈزمەدىم.
سەن ئۈممەتىڭنى ئۈزگەن بىلەن،
مەن ئۈممەتىمنى ئۈزمەدىم.

كىچىگىنە چارۋاغ ئىچىدە،
يالغۇز ئۈنگەن گۇل ئانار.
شۇغۇنا موللا يىگىتتى،
بار بويىدا گۇلۇ بار.

ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ،
قولىدا كىتىۋى بار.
قاشلارى قىيغان قەلەمدەك،
ئاي ئۈزۈدە نۇرى بار.

قارغاي كېسىپ قويدۇق،
قۇرۇسا قالامىز دەپ.
ياخشى قىز كورەپ قويدۇق،
چوك بولسا ئالامىز دەپ.

ئۇ يىراقتىن كورەنگەن
قوم بارخىنى، تام ئەمەس.

سەن ئۇزەڭنى داڭلىما،
بىزما سەندىن كام ئەمەس.

زۇلپىكەشا، زۇلپىكەش
كەل خېنىم زۇلپىڭنى يەش.
ئىككى دەتمەن بىر بولاپ،
ئىچىمدىكى رەنجىمنى يەش.

كىچىككىنە تۇمۇچۇق،
باغدا ئۇزۇم پىشىپتۇ.
شۇ خالايىق ئالدىدا،
سىزگە كوڭلۇم چۇشۇپتۇ.

چىنى بەرمەك نادانغا،
ئوينىاپ - ئوينىاپ سۇندۇرار.
بىۋاپا كىشىنىڭ يارى،
قاچان كوڭەلنى تىندۇرار.

مەن ئۇزۇم كىچىك بالا،
خىزمەت قىلالمايمەن ساڭا.
لەۋلىرىڭدىن سۇ ئىچىپ،
ئەسلا قانالمايمەن ساڭا.

قاغا قوندى قامغاققا.
قۇشقاچ قوندى يانتاققا،
يارنى سويسەڭ چاققان سۆي.
لەززەت بەرسۇن تامغاققا.

رەڭمۇ-رەڭ قوچقاچ بولاپ،
ساراپ شىخىڭغا قونمىداق.
قونساقما قونغانتىمىز،
شىكەر لىۋىدىن سويمىدەك.

ۋاسىجۇپ ئايۋانلىرىڭنىڭ،
زەدىۋالى يوق ئىكەن.
سىزگە بەرگەن بۇ كوڭۈلنىڭ،
ئەتىۋارى يوق ئىكەن.

چاسىنىڭ ئوتتۇراسىدا،
ئالتى كىشى بەك تاتىتتۇ.
سىكىلەكلەر بىر بولۇپ،
يىگىتلىنى دەم تاتىتتۇ.

مەن بۇ يەرگە ئەتە كەلسەم،
نىمىشقا كەلدىڭ دىمىدىڭ.
چاسا ياغلىقنى بىرىپ،
يىپىشىڭنى ئىتقىن دىمىدىڭ.

هاۋانىڭ مانانلىغى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلىغى.
بۇ مىنىڭ خامۇشلىغىم،
يىنىمدا يانىڭ يوقلىغى.

چاينى قايناتقان خىنىم،
چىنىدىن خەۋەرى يوق.

بىزنى كويدەگەن جۇۋانلار،
بىزلىدىن خەۋەرى يوق.

ھەپتىدە كورسەم بويۇڭنى،
ناشتىدا سويگەنچىۋا.
قارىلىپ قالاشلىرىڭ،
جانغا پىچاق سالغانچىۋا.

قاشنى قاشقا ئۇلۇسام،
يەتكەيمۇ قاشىنىڭ بويۇغا.
خۇدايىم مۇنداق سالامۇ،
قارىقاشىنىڭ كۇيۇغا.

ئۇزۇم ئاچىپ يىمەدىم،
قاۋاقتاقى ياغىمىدىن.
گۇلۇم بولسا قولۇمدا،
قوپپاس ئىدى يانىمىدىن.

كىلىپ ئۇزۇممۇ سىلا،
ئۇمارەق قولۇڭ ۋىلەن.
قاچان ئالدىمغا چىقاسەن،
ياقىن داقى يولۇڭ ۋىلەن.

ئاتىم ئايلىدا كەتتى،
قامچى يانىدا كەتتى.
ئاتام با دىگەن بىلەن،
غىرىپلىق ماڭا يەتتى.

يازغى بۇغداي مايسا بولدۇ،
كۆزگۈ بۇغداي نەدىۋا.
جان چىقار ئالەتكە يەتتى،
جان قارىنداش نەدىۋا.

سارىق قوچقاچ بالاسى،
سارغانلىقتا ئۇگاسى.
سارغان باشى تەرۇسە،
سايراپ كېلۇر ئاناسى.

تايىرنى ئاتاسى يوق،
بېلىدە پوتاسى يوق.
يىغلىماڭلار ھەي قىززا
ئالەممى گۇپاسى يوق.

ئىچىممى تازاسى يوق،
ياردىم سىزدىن ئايرىلىپ.
خوش ئەمىسە دىمەدى،
ئاقاسىغا قارىلىپ.

ئەرشىپ بىللە كەتمەي،
دۇشمان قولۇدا بەندە.
ياردىم سېنى دەردىڭدە،
كەيگەن ئىگىنىم جەندە.

غارىپ كوڭلۇم ئاچىلۇر،
ياردىم قېشىمغا كەسە.

مېنى ئۆچمەس كۆيدۈرۈپ
ماڭغا بىر كۈلۈپ بەرسە.

ھەجەپمۇ يامان ئىكەن،
ئەتىيازنى شامالى.
بېلىمنى ئېگىۋاتتى،
ئوت - كۆيۈكنىڭ يامانى.

مەن سېنى كۆيدۈم تانىپ،
كۆيۈۋدۇم كۆزۈم غايىپ.
شۇ دىگەن سۆزۈڭلارنى
كۆيدۈم كۆڭلۈمگە ئالىپ.

**维吾尔民歌选（5）**　（维吾尔文）

木依丁·沙依提　编

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

787×1092毫米32开本　4.375印张

1983年7月第1版　1984年2月第1次印刷

印数：1—10.300

统一书号：M10098·784　定价：0.24元